

# ياغاچ قورچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتلىرى

ياغاچ قورچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى


木偶奇遇记（维吾尔文）

艾海提·阿西木 译

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行 新疆新华印刷三厂排版

新疆新华印刷二厂印刷

787×1092毫米 32开本 6.3125印张

1984年7月第1版 1993年8月第2次印刷

印数：6,801——8,300

ISBN7—228—02625—X/I·925 定价：1.85元

www.uyghurkitap.com

ك. كوللودى (ئىتالىيە)

# ياغاچ قورچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى

ئەخەت هاشىم تەرجىمىسى

## ياغاچ



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

c. collodi

LE AVVENTURE DI PINOCCHIO

本书根据上海少年儿童出版社一九五七年七月第一版上海一九七八年八月第九次印刷本翻译出版。

بۇ كىتاب شاڭخەي ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1957 - يىل 7 - ئايدا نەشر قىلىنغان 1 - نەشرى شاڭخەي 1978 - يىل 8 - ئاي 9 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: راخمان مامۇت

ياغاچ قورچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى

ك. كوللودى (ئىتالىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخەت ھاشىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1092×787مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 6.3125

1984 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى

1993 - يىل 8 - ئاي 2 - بېسىلىشى

ISBN 7—228—02625—X/I·925

تىراژى: 8,300 — 6,801

باھاسى: 1.85 يۈەن

# ئەسلى تەرجىمانىدىن

بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورى ئىتالىيىلىك بالىلار يازغۇچىسى ك. كوللودى(c·collodi). ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى كارلو لورېنزىنى (1890 – 1826) بولۇپ، ئىتالىيىدىكى ئاددى ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر يازغۇچىسى. ئۇ بىرنەچچە پارچە ھېكايە، چۆچەك يازغانلىقىدىن ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى بالىلارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىغا ئىزچىل جان كۆيدۈرۈپ كەلگەنلىكىدىن ئەنە شۇنداق ئالقىشقا سازاۋەر بولغان. ئۇ بىر گېزىتنىڭ تەھرىرى بولغان. ئۇنىڭ يازغانلىرى ھە دېگەندە ئوقۇغۇچىلارنى كۈلدۈرىدۇ، ئارقىدىنلا ئۇلارغا بىر خىل جىددىلىشىشتەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

«ياغاچ قوچاقنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق بۇ كىتاپ ئۇنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھازىر مەشھۇر كىتاپلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى. ئىتالىيىدىكى بالىلار كىتاپلىرى ئىچىدە كىشىلەر ئەڭ ئامراق، ئەڭ داڭدار كىتاپلارنىڭ بىرى مۇشۇ. بۇ ئەسەرنىڭ قەھرىمانى پىنوككىيونىڭ ئىسمى ئىتالىيىدىكى ھەممە ئادەمگە خۇددى بىزگە سۇن ۋۇكوڭ، جۇباجيې تونۇش بولغاندەك تونۇش. بۇ كىتاپتىكى باي تەسەۋۋۇر ۋە ئۇستىلىق بىلەن يۇمۇرلۇق يېزىلغان ئەينەن تەسۋىرلەر بالىلارنىلا ئەمەس، چوڭلارنىمۇ ئۆزىگە كۈچلۈك جەلىپ قىلىدۇ. بۇ كىتاپنىڭ ھەر بىر بابىنى ئوقۇغىنىمىزدا (مەيلى چوڭلار ياكى بالىلار بولسۇن) بىز: بۇ دەل مېنىڭ

بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارغۇ؟ پىنوككىئودىن كۈلگىنىم دەل ئۆزەمدىن كۈلگىنىم ئەمەسمۇ؟ دىگەن ھېسسىياتقا كېلىمىز. بالىلار بۇ چۆچەكنى ئوقۇيدىغان ياكى ئاڭلايدىغان بولسا، چوڭقۇر خىيالغا چۆكمەي قالمايدۇ.

داڭدار رەسسام ك. كوپپېرلاندىنىڭ بۇ كىتاپقا سىزىپ بەرگەن رەسىملىرىمۇ ئوخشاشلا مەشھۇر رەسىملەر.

# بىرىنچى باپ

بۇرۇنقى زاماندا..........

مېنىڭ كىچىك كىتاپخانلىرىم، سىلەر ھەقاچان: پادىشا بارمىكىن؟ دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن.

ياق، بالىلىرىم، تاپالمىدىڭلار. بۇرۇنقى زاماندا بىر تال ياغاچ بار ئىكەن. ئۇ قىممەت باھالىق ياغاچمۇ ئەمەس، بىر قىشتا مەشكە قالايدىغان ئادەتتىكى بىر تال ياغاچ ئىكەن.

ۋەقەنىڭ ئۇجۇر — بۇجۇرىدىن ئانچە خەۋىرىم يوق، پەقەت مېنىڭ بىلىدىغىنىم، ھاۋا ئوچۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ياغاچچى بوۋاي ئۆز دۇكىنىدىن بۇ بىر تال ياغاچنى قولىغا ئاپتۇ، بۇ ياغاچچىنىڭ ئىسمى ئانتونى ئىدى، بىراق ئۇنىڭ ئۇچلۇق بۇرنى دائىم خۇددى پىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن گىلاستەك قىزىرىپ، پاقىراپ تۇرغانلىقتىن كىشىلەر ئۇنى گىلاس بۇرۇن ئەپەندى، دېيىشەتتى.

گىلاس بۇرۇن ئەپەندى بۇ ياغاچنى كۆرۈپ، بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ھالدا قوللىرىنى ئۇۋىلاپ تۇرۇپ:

— بۇ ياغاچ خويما قولۇمغا چىقىپ قالدى، ئۇستەلگە تازىمۇ ئوبدان بىر پۇت بولىدۇ — دە! — دەپ ئۆزىچە سۆزلەپ قويۇپ، ئىشقا تۇتۇش قىلدى ۋە شۇ ھامان شەمەردەك ئىتتىك پالتىسى بىلەن ياغاچنى بىر چېپىۋىدى:

— ئۇنچە قاتتىق چاپماسىڭچۇ! — دىگەن ئىنچىكە بىر

ئاۋاز ئاڭلاندى. ياغاچچى يەنە چېپىشقا پېتىنالماي، قولىنى كۆتەرگىنىچە تۇرۇپلا قالدى.

سىلەر بۇ مۇلايىم گىلاس بۇرۇن ئەپەندىنىڭ قورقۇپ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلىۋاتقانسىلەر. ھە! ئۇ بۇ ئاۋازنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە قاراشقا باشلىدى. ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا قارىدى، ھېچكىم يوق، دائىم يېپىقلىق تۇرىدىغان ئىشكاپقىمۇ قارىدى، پۈزەك — تارىشلارنى سېلىپ قويىدىغان سىۋەتكىمۇ قارىدى، ئىشىكنى ئېچىپ تالاغىمۇ قاراپ باقتى، ھېچ نەرسە يوق، ئۇنداق بولسا بۇ ئاۋاز نەدىن چىقتى ئەمىسە؟

— ھە، ئەمدى بىلدىم! — دېدى ياغاچچى كۈلۈپ كېتىپ ۋە بېشىدىكى يالغان چاچلىرىنى سىلاپ قويدى، — ماڭا شۇنداق بىلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئىشىمنى قىلىۋېرەيچۇ!

ئۇ ياغاچنى زەرپ بىلەن يەنە بىرنى چاپتى.

— ۋايجان، مېنى يەنە چېپىۋاتىسەنغۇ! — دېدى يەنە ھېلىقى ئىنچىكە ئاۋاز ئېچىنىشلىق ۋاقىراپ.

قورقىنىدىن گىلاس بۇرۇن ئەپەندىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى كامادەك ئېچىلىپ، تىلى ساڭگىلاپ قالدى.

ئۇ سەل ھوشىغا كەلگەندىن كېيىنلا تىترەپ تۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاشقا باشلىدى: «غەلىتە ئىش — ھە، بۇ ئاۋاز زادى نەدىن چىقىۋاتىدۇ؟ بۇ ئۆيدىغو بىرەر جېنى بار نەرسە يوق ئىدى، بۇ ياغاچ قانداقمۇ كىچىك بالىلارغا ئوخشاش يىغلىيالىسۇن ھەم سۆزلىيەلىسۇن؟ بۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن. بۇ ياغاچنىڭ باشقا ئوتۇندىن نېمە پەرقى بار؟ قالايدىغان بولسا بىر قازان پۇرچاق پىشىدۇ، شۇ، ئۇنداق

www.uyghurkitap.com

بولسا نىمە ئىش بۇ؟ ياغاچنىڭ قارنىغا ئادەم كىرىۋالغانمىدۇ–
يە؟ ئەگەر شۇنداقلا بولسا، ئۇنىڭ تۈگەشكىنى شۇ! جەزمەن ئۇ–
نىڭ ئەدىۋىنى بېرىمەن!» گىلاس دېرۇن شۇنداق دەپ تۇرۇپ،



ھېلىقى ياغاچنى جىنىنىڭ بېرىچە تامغا ئۇرۇشقا باشلىدى.
ئۇ بىر ھازا ئۇرغاندىن كېيىن، بىرەر ئىڭرىغان ئاۋاز
ئاڭلىنامدۇ — قانداق، دەپ تىڭشاپ تۇردى. ھېچقانداق ئاۋاز
ئاڭلانمىدى؛ بەش مىنۇت تۇرۇپ باقتى، جىم. ئون مىنۇت
تۇرۇپ باقتى، يەنىلا ھېچقانداق ئاۋاز يوق.
ئۇ يالغان چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ، زورىغا كۈلدى–
دە: «مانا ئەمدى بىلدىم. بۇ، ۋايجان دىگەن ئىنچىكە ئاۋاز يەنە–
لا شۇ كاللامدىكى پەلىپەتىش خىياللاردىن ماڭا شۇنداق بىلى–
نىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئاۋارە بولماي ئىشىمنى قىلىۋېرەيچۇ!»
دىدى ۋە ناھايىتى قورقۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىگە مە–

دەت بېرىپ، ئۆزىچە ئىسقىرتىپ قويىدى.

ئۇ، ئەمدى پالتىسىنى قويۇپ قويۇپ، رەنــدىنى قــولىغا ئالدى — دە، ھېلىقى ياغاچقا رەندە سالماقچى بــولدى. ئــۇ، رەندىنى ئەمدىلا سىلىشىغا ھېلىقى ئىنچىكە ئاۋاز كــۈلكىلىــك بىر خىل ئاھاڭدا يەنە چىقىراپ كەتتى:

— توختا! سەن مېنىڭ تېرەمنى شىلغىلى تۇردۇڭمۇ؟

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ بىچارە گىلاس بۇرۇن ئــەپەندى بىر نەرسە كېلىپ سوقۇۋەتكەندەك ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كــەتتى. بىر هازادىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ يەردە ياتــقانلىقىنى بىلدى. قورققىنىدىن ئۆڭى ئۆچۈپ كەتتى، دائىم قىزىرىپ تۇ-رىدىغان ئۇچلۇق بۇرنىمۇ كۆكىرىپ كەتتى.

## ئىككىنچى باپ

شۇ ئەسنادا بىرسى ئىشىكنى قاقتى.

— كىرىڭ! — دېدى ياغاچچى ئورنىدىن تۇرماي.

گېپتو ئىسمىلىك تېتىك بىر بوۋاي كىرىپ كەلدى.

— تېچلىقمۇ ئانتونى ئەپەندى؟ — دېدى گېپتو، — نىمە-مانداق يەردە ئولتۇرۇۋالدىڭىز؟

— چۈمۈلىلەرگە خەت ئۆگىتىۋاتىمەن، گېپتو ئاكا، بــىر ئىش ئېپكەلدىڭىزمۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ياق، سىزدىن بىر نەرسە سوراپ كېلىشۋىدىم.

— قانداقلا ئىش بولسا پېقىر تەييار! — دېدى ياغاچچى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— بۈگۈن ئەتىگەندە كاللامغا بىر ئوي كېلىپ قالدى.

— خوش، ئاڭلاپ باقايلى.

— مەن چىرايلىق بىر ياغاچ قوچاق ياسىماقچى بولۇۋاتىمەن — ئۇسۇل ئويناليايدىغان، ماڭالايدىغان، ھەتتا يۈگۈرۈپ، سەكرىيەلەيدىغان ئاجايىپ قوچاق دەڭا. مەن بۇ قوچاق بىلەن پۈتۈن ئالەمنى كېزىپ، جاھاندارچىلىق قىلاي، قوسىقىمنى باقاي دەۋاتىمەن.

— گېپېتو ئاكا، ئۇنداقتا مەن سىزگە قانداق ياردەم قىلسام بولار؟

— ماڭا قوچاق ياسىغىدەك ئوبدان بىر پارچە ياغاچ لازىم بولۇپ قالدى، بېرەلەرسىزمۇ؟

ئانتونى ئەپەندى خۇشاللىق بىلەن بايا ئۆزىنى قورقىتىۋەتكەن ھېلىقى ياغاچنى بەرمەكچى بولدى. ئۇ، ياغاچنى ئېلىپ گېپېتوغا بېرىدۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت ياغاچ ئۇنىڭ قولىدىن سەكرەپ چىقىپ گېپېتونىڭ پۇتىغا چۈشۈپ كەتتى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، كىشىگە بىر نەرسە بەرسىڭىز مۇشۇنداق بىھۆرمەتلىك بىلەن بېرەمسىز؟ خۇدا ھەققى، پۇتۇمنى توكۇر قىلىپ قويغىلى قىل قالدىڭىز، ئانتونى ئەپەندى!

— مەن قىلمىدىم، قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ؟

— پۇتۇمغا ياغاچنى سىز تاشلىماي كىم تاشلىدى ئەمىسە؟

— ئىللا — بىللا مەن ئەمەس، مۇشۇ ياغاچنىڭ ئۆزى شۇنداق قىلدىمىكىن......

— راستىمۇ؟

— ئەزبىرايى خۇدا، راست!

گېپپېتو ئاكا ياغاچنى قولتۇقىغا قىستى ۋە ئانتونى ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئاقسىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

## ئۈچىنچى باپ

گېپپېتونىڭ بىرلا ئېغىز ئۆيى بولۇپ، چوڭ بىر بىنانىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىدە ئىدى. بۇ قاراڭغۇ ئۆيگە پەقەت پەلەمپەينىڭ يېنىدىكى دەرىزىدىنلا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئۆيدىكى جاھازلار ناھايىتى ئاددى — بىر كونا ئورۇندۇق، بىر ياغاچ كاراۋات يەنە بىر جۇلىغى چىقىپ كەتكەن ئۈستەللا ئىدى. ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە ئوت كۆيۈۋاتقان مورا ئوچاق، پارقىراپ قايناۋاتقان قازاننىڭ رەسىمى سىزىپ قويۇلغان بولۇپ، كىشىگە خۇددى راستەكلا كۆرۈنەتتى.



گېپتو ئۆيىگە كېلىپلا ياغاچ قوچاقنى ياساشقا كىرىشتى، «قوچاقنىڭ ئىسمىنى نېمە قويسام بولار؟ پىنوككىئو دېگەن ئىسىمنى قوياي، بۇ ئىسىم ئۇنى بەخت ـ تەلەيلىك قىلىدۇ. مەن بىلىدىغان بىر ئائىلە بولىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دادىسىنىڭمۇ، ئانىسىنىڭمۇ، بالىلىرىنىڭمۇ ئىسمى پىنوككىئو. ئۇلار ھال ـــ ئوقىتى ياخشى، بەختلىك ئائىلە!».

ئۇ ئىسمىنىمۇ قويۇپ بولدى. ئەمدى ھېچنېمىگە قارىماي قوچاقنى ياساشقا كىرىشتى، ھايت ـــ ھۇيت دېگىچە پېشانىسىنى چىقىرىپ بولدى. ئاندىن چېچىنى، بىر جۈپ كۆزىنى ياسىدى. بۇ كۆزلەر مۆلدۈرلەپ ئەتراپقا قاراپ، ئاندىن گېپتوغا تىكىلدى. ھەيران بولغان گېپتو قوچاققا قاراپ ۋاقىرىدى:

ـــ ھەي ياغاچ كۆز، نېمانچە قاراۋېرىسەن؟

قوچاق گەپ قىلمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، قوچاقنىڭ بۇرنىنى ياساشقا باشلىدى. بىراق، بۇ بۇرۇن ئۆزىچىلا ئۇزىراپ، ھەم ئۇزۇن، ھەم يوغان بىر بۇرۇنغا ئايلاندى. گېپتو: بۇ بۇرۇن يەنە ئۇزىراپ كېتىۋەرمىسۇن دەپ ئويلاپ، قىسقارتىشنىڭ ئامالىنى قىلدى ـــ دە، پىچاق بىلەن شىلغىلى تۇردى، لېكىن بۇ ئاجايىپ بۇرۇن شىلغانسېرى ئۇزىراۋەردى.

بۇرۇننى ياساپ بولغاندىن كېيىن ئاغزىنى ياساشقا باشلىدى، بىراق ئاغزى تېخى تولۇق ياسىلىپ بولمايلا قوچاق ناخشا ئېيتىشقا ۋە كۈلۈشكە باشلىدى.

ـــ ھىجايما! ـــ دېدى گېپتو ئاچچىقلاپ. لېكىن قوچاق يەنە كۈلۈۋەردى.

ـــ مەن سېنى ھىجايما دەۋاتىمەن! ـــ دەپ تېخىمۇ قاتتىقراق ۋاقىرىدى گېپتو. قوچاق دولسا يەنىلا ھەييارلىق قى-

لىشۋاتاتتى.

گېپپېتو ئۇنىڭغا قارىماي ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. ئاغزىنى ياساپ بولۇپ ئېڭىكىنى، ئاندىن بوينىنى، مۈرىسىنى، بەدىنىنى، بىلەك، قوللىرىنى ياسىدى.

قوچاقنىڭ ئىككى قولى ياسىلىپ بولۇشى بىلەنلا گېپپېتو ئۆزىنىڭ بېشىدىكى يالغان چېچىنى كىم ئىگىدۇ ئېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئىتتىك قارىدى، سىلەرچە كىم ئالغاندۇ؟ ئۇنىڭ ساپ-سېرىق يالغان چېچى ياغاچ قوچاقنىڭ قولىدا تۇراتتى!

— پىنوككىئو، چېچىمنى دەرھال بېشىمغا كىيگۈزۈپ قوي! — دېدى گېپپېتو، لېكىن ئۇ كىيگۈزۈپ قويۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ بېشىغا كىيىۋېلىپ، خۇددى ئۆلۈكتەك مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرۇۋەردى.

گېپپېتو ناھايىتى رەنجىدى، ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق كەپسىزلىكنى كۆرمىگەن ئىدى.

— ئەسكى شۇم! — دېدى گېپپېتو پىنوككىئوغا قاراپ، — مەن تېخى سېنى ياساپ بولماي تۇرۇپلا داداڭ بىلەن ئېيتىشىۋاتىسەنغۇ، شورۇڭ قۇرۇسۇن سېنىڭ!



www.uyghurkitap.com

گىپپېتو ئەمدى ئۇنىڭ پۇتىنى ياسـاشقا كىرىشتى، پـۇتى ياسىلىپ بولۇش بىلەنلا ئۇ گىپپېتونى بىرنى تەپتى. «ئـۆزەمگە ئۆزەم قىپتىمەن ــ دە، مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بـۇرۇنراق ئويلاش لازىم ئىدى، ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ!» دەپ ئويلىدى گىپپېتو.

ئۇ قوچاقنى يەرگە دەسسىتىپ، مېڭىشنى ئـۆگـىتىشكە باشلىدى. دەسلەپ ئۇنىڭ پۇتلىرى مىدىر - سىدىر قىلمىدى. گىپپېتو ئۆينىڭ ئىچىدە يېتىلەپ يۈرۈپ قەدەم تـاشلاشنى ئـۈ-گەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ پۇتلىرى ئېگىلىدىغان، سـوزۇلىدىغان بـولـدى، مېــڭىشـنى ئـۆگـەندى ۋە قالايـمىقان يۈگۈرۈشـكە باشلىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر-ئىككى سەكرەپ تالاغا چىقىۋالدى ــ دە، كوچىدا ئـۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

بىچارە گىپپېتو ئۇنىڭ كەينىدىن جېنىنىڭ بېرىچە قوغلىـغان بولسىمۇ زادىلا يېتىشەلمىدى. پىنوككىئو خۇددى توشقانـدەك سەكرەپ كېتىپ باراتتى. تاشيولدا ئۇنىڭ ياغاچ پۇتلىرىـ



دىن پەيدا بولغان تاراقلاش ئاۋازى خۇددى بىر توپ ياغاچ كەشنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىناتتى.

— تۇتۇڭلار! ۋاي، ئاۋۇنى تۇتۇڭلار! — دەپ ۋاقىراپ كەتتى گېپتو.

بىراق، كوچىدىكى ئادەملەر بىر ياغاچ قوچاقنىڭ تۇشقاندەك سەكرەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، كۈلۈشۈپ ئۇنىڭغا قاراپلا قېلىشتى.

شۇ ئەسنادا كوچىدا كېتىپ بارغان بىر ئەسكەر ئادەملەرنىڭ قىقاس — چۇقانلىرىنى ئاڭلاپ، بىرسىنىڭ تايچىنى قېچىپ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ قالدى — دە، بۇ ھارامزادىنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇردى. پىنوككىئو يولنى توساپ تۇرغان ئەسكەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چاتىرىغىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدىيۇ، لېكىن قاملاشتۇرالمىدى. ئەسكەر كاپ قىلىپ ئۇنىڭ بۇرنىدىنلا تۇتۇۋالدى (بۇ غەلىتىلا بۇرۇن بولغاچ، كىملا بولسا دەل شۇ بۇرۇنىدىن تۇتۇۋالىدۇ — دە!)

شۇنداق قىلىپ، پىنوككىئونى گېپتوغا تۇتۇپ بەردى. گېپتو ئۇنىڭ قۇلىقىنى تولغاپ تۇرۇپ تازا بىر ئەدەپنى بەرمەكچى بولدى، لېكىن سىلەر بىلىۋاتقانسىلەر، بۇۋاي ئۇنىڭ قۇلىقىنى تاپالمىدى. نىمىشقا تاپالمىدى؟ چۈنكى ئۇ ئالدىراشچىلىقتا تېخى ئۇنىڭ قۇلىقىنى ياسىمىغان ئەمەسمىدى؟

گېپتو ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى.

— ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئەدىپىڭنى بېرىمەن؟ — دېدى گېپتو پوپوزا قىلىپ.

پىنوككىئو بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماڭغىلى ئۇنىماي يەردە يېتىۋالدى. كوچىدىكى بىكار تەلەپلەر كېلىپ، بۇلارنى ئورا-



ۋىلىشتى — دە، ئۇ بىرنىمە، بۇ بىرنىمە دىگىلى تۇردى.

— بىچارە ياغاچ قورچاق! — دىدى بىرسى، — بۇنىڭ ئۆيگە بارماي يىتىۋالغىنىدىمۇ گەپ بار. ئەگەر ئۆيىگە بارسا، رەھىمسىز گىپپىتونىڭ قانداق ئۇرىدىغانلىغىنى بىلىدۇ — دە!

يەنە بىرسى رەزىللىك بىلەن ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلدى:

— بۇ گىپپىتو دىگەن قارىماققا تۈزۈك ئادەمدەك قىلغان بىلەن بالىلارغا ئۆلگۈدەك ئۆچ. ئەگەر بۇ بىچارە ياغاچ قو-چاق ئۆيگە بارىدىغان بولسا، تاياق يەپ مىجىغى چىقىپ كىتىدۇ!

بۇ ئادەملەر ھەر قىسما گەپلەرنى قىلىشۋەرگەندىن كې-
يىن، ھېلىقى ئەسكەر ئىشىنىپ قالدى — دە، پىنوككىئونى
قويۇپ بېرىپ، بىچارە بوۋاينى تۇتۇپ كەتتى ۋە ئاپىرىپ قا-
ماپ قويدى. دەسلەپتە گېپىتو بوۋاي ئۆزىنى ئاقلايدىغان بىر
ئېغىز گەپمۇ قىلالماي، كۆزلىرىدىن تارام — تارام ياشلىرىنى
ئاققۇزغان ئىدى. تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن ئۆزىچە غودۇڭشۇپ:
«ئەسكى شۇم! ئويلىمىساڭچۇ، مەن سېنى نېمە جاپا بىلەن
ياسىدىم ؟ مۇنداق بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟» دەپ
قويدى.

كېيىن نېمە بولدى؟ بۇ ھەقتىكى ھېكايە تېخىمۇ قىزى-
قارلىق، ئىشەنمەيۋاتامسىلەر؟ خوپ، ئۇنداق بولسا سۆزلەپ
بېرەي، قېنى ئاڭلاڭلار!

## تۆتىنچى باپ

بالىلار، مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىپ قويماقچىمەنكى،
ھېچقانداق سەۋەنلىكى يوق بىچارە گېپىتو بوۋاي تۇتۇلۇپ
تۈرمىگە كىرگەن ۋاقىتتا، ئەركىنلىككە چىققان ھېلىقى شۇمتەك
پىنوككىئو ئىتتىكرەك ئۆيىگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن ئېتىزلىقنىڭ
ئىچى بىلەن جېنىنىڭ بېرىچە يۈگۈرۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇ،
ئالدىرىغىنىدىن خۇددى ئوۋچى قوغلاپ كېلىۋاتقان توشقان ياكى
بۇغىدەك ئالدىدا ئۇچرىغان قاشا، چىتلاق، ئېرىق — ئۆستەڭلەر-
دىن سەكرەپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

ئۆيگە يېتىپ كېلىپ، ئىشىكنىڭ قىيا ئوچۇق تۇرغانلى-
قىنى كۆردى ۋە بىرلا تېپىپ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى-
دە، ئىشىكنى زەنجىرلىگەندىن كېيىن خوشال بىر ئۇھ تارتى-

www.uyghurkitap.com



ۋېتىپ، پولغا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى.

بىراق، ئۇنىڭ خوشاللىغى ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. شۇ ئەسنادا ئۆيىنىڭ ئىچىدىن «چىرت ـ چىرت، چىرت ـ چىرت!» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. پىنوككىئو چۆچۈپ كېتىپ ۋاقىردى:

— ماڭا گەپ قىلىۋاتقان كىم؟

— مەن.

پىنوككىئو ئۇياق — بۇياققا قاراپ، تامغا چاپلىشىپ تۇرغان يوغان بىر قارا چېكەتكىنى كۆردى.

— سەن كىم؟

— گەپ قىلالايدىغان قارا چېكەتكىمەن. مۇشۇ ھوجرىدا ياشاۋاتقىنىمغا يۈز يىلدىن ئاشتى.

— بىراق، بۈگۈندىن باشلاپ بۇ ئۆي مېنىڭ، ـ دېدى ياغاچ قوچاق، ـ ئەگەر ماڭا ياخشى نىيەتتە بولساڭ دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كەت!

— مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەيمەن، — دېدى قارا چېكەتكە، — ساڭا بىر نەچچە ئېغىز سەممىي گېپىم بار، ئاڭلىغىن.

— ئەمىسە گېپىڭنى قىلىپ بولۇپ دەرھال چىقىپ كەت!

— گەپ ئاڭلمايدىغان باللارنىڭ ئىشى چاتاق،
ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلماي، دۆتلۈك
قىلىپ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇنداق باللار
ئۆمۈرۋايەت بەختلىك بولالمايدۇ. ئاخىرى بىر كۈنى پۇشايمان
قىلىدۇ.



— نىمە دىسەڭ دەۋە، بىراق، مەن ئوبدان بىلىمەن،
ئەتە تاڭ يورۇشى بىلەنلا بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن،
ئەگەر قېچىپ كەتمەيدىغان بولسام، باشقا باللارنىڭ بېشىغا
كەلگەن ئىش مېنىڭمۇ بېشىمغا كېلىپ، مېنىمۇ زورمۇ - زور
مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىدۇ - دە، ئوقۇتىدۇ، راستىمنى
ئېيتسام، ئوقۇشقا قىلچە ھەۋسىم يوق، ئوينىغانغا يېتەمدۇ؟
كېپىنەكلەرنى قوغلىساڭ، دەل - دەرەخلەرگە ياماشساڭ،
قۇشقاچلارنىڭ ئۇۋىلىرىنى بۇزۇپ، باللىرىنى تۇتۇپ

www.uyghurkitap.com

ئوينىساڭ نېمە دېگەن پەيزى!

— بىچارە ئەخمەق! ئاشۇنداق قىلىپ يۈرسەڭ ئېشەك بولۇپ قالىدىغانلىقىڭنى بىلمەمسەن، ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم سېنى زاڭلىق قىلىپ كۈلمەمدۇ؟

— كاپىشما، نېمە چىشىمغا تېگىدۇ ـ ماۋۇ! — دەپ ۋاقىرىدى پىنوككىئو!

لېكىن بۇ قارا چېكەتكە ناھايىتى سەۋرچان، سالماق ئىدى. ئۇ، پىنوككىئونىڭ بۇنداق قوپاللىقىدىن ھەرگىز خاپا بولماي، يەنىلا مۇلايىملىق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەگەر سەن مەكتەپكە بارمىساڭ، بىرەر ھۈنەر ـ بىلىم ئۆگەنمىسەڭ، كېيىن قانداق نان تېپىپ يەيسەن؟

— مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى پىنوككىئو تاقەتسىزلىنىپ، — دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ئىچىدە ماڭا ناھايىتىمۇ ياپ كېلىدىغان بىر ئىش بار.

— نېمە ئىش ئۇ؟

— يېيىش، ئىچىش، ئۇخلاش، ئويناش. ئەتىگەندىن كەچكىچە راھەت ـ پاراغەتتە ياشاش.

گەپ قىلالايدىغان قارا چېكەتكە يەنىلا ئالدىرىماي سىلىق سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇنداق ياشايمەن دېگۈچىلەر ئاخىرى يا دوختۇرخانىدا، يا تۈرمىدە ياتىدۇ.

— ئۆزەڭگە ئاگاھ بول، چېكەتكە! ئەگەر يەنە ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈۋېرىدىغان بولساڭ، ساڭا ئۇۋال قىلىپ قويۇپ ئىچىم ئاغرىپ قالمىسۇن.

— بىچارە پىنوككىئو! مېنىڭ يەنىلا ساڭا ئىچىم

ئاغرىۋاتىدۇ.

— ماڭا نېمە دەپ ئىچىڭ ئاغرىيتتى؟

— چۈنكى، سەن بىر ياغاچ قوچاق. تېخىمۇ چاتاق يېرى، سېنىڭ كاللاڭ ياغاچتىن ياسالغان — دە!

قاتتىق غەزەپلەنگەن پىنوككىئو سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يەردە تۇرغان بىر بولقىنى ئېلىپ قارا چېكەتكىگە ئاتتى.

ئۇ، بوندۇق قىلماقچىمۇ ئەمەس ئىدى، بەختكە قارشى بولقا ئۇدۇل بېرىپ چېكەتكىنىڭ بېشىغا تەگدى، — دە، چېكەتكە ئۆلدى.

## بەشىنچى باپ

قاراڭغۇمۇ چۈشۈپ قالدى. پىنوككىئو بۈگۈن ئازراقمۇ بىر نەرسە يېمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. قوسىقىنى نىمىدۇ تاتىلاۋاتقاندەك قىلاتتى، دەل بىر نەرسە يېگۈسى كېلىۋاتاتتى. بالىلار بىر نەرسە يېگۈسى كەلسە زادىلا چىداپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا ئۇنىڭ قوسىقى شۇ قەدەر ئېچىپ كەتتىكى، زادىلا بولالماي قالدى.

بىچارە پىنوككىئو يۈگۈرۈپ ئوچاقنىڭ ئالدىغا باردى — دە، قايناۋاتقان قازاندا بىرەر نەرسە باردۇ، دەپ قارىدى، بىراق بۇنىڭ راست قازان ئەمەس، بەلكى رەسىم ئىكەنلىكىنى سېزىپ لاسىدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئېسىڭلاردا باردۇ؟ ھازىر تېخىمۇ ئۇزىراپ بىر غېرىچ بولۇپ كەتتى. ئۇ، بىر

پارچە نان تېپىپ يېيىش ئۈچۈن ئۆينىڭ ئىچىدە پەقىراپ كەتتى. ساندۇقلارنى دۈم كۆمتۈرۈپ باقتى، ھەممە يەرنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى: قېتىپ قالغان بىر بۇردا نان بولسىمۇ بولاتتى، بولمىغاندا ئىت غاجىغىدەك بىر تال ئۇستىخان بولسىمۇ، كىچىككىنە زاغرا بولسىمۇ، بېلىقنىڭ بىر تال قىلتىرىغى بولسىمۇ ياكى بىر تال گىلاسنىڭ ئۇرۇقچىسى بولسىمۇ، ئىش قىلىپ، يەيدىغانلا بىر نەرسە بولسا بولىۋېرەتتى، لېكىن زادىلا تېپىلمىدى.

ئۇنىڭ قورسىقى تېخىمۇ ئېچىپ كەتتى. بىچارە پىنوككىئوغا ئەسنەشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. بىراق، ئەسنەش ئۈچۈنمۇ خېلى كۈچ كېتەتتى. ھەر بىر ئەسنىگەندە ئۇنىڭ جاغايلىرى سوزۇلۇپ قۇلىقىغا يېتىپ باراتتى. ئۇ، قورسىقىنىڭ ئاچلىقىدىن ماغدۇرىدىن كېتىپ بارغانلىقىنى سەزدى - دە، ئۈمىتسىزلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى: «ھېلىقى گەپ قىلالايدىغان قارا چېكەتكە راست دەپتىكەن، دادامنى تاشلاپ قېچىپ كەتكىنىم راستلا خاتا بوپتۇ. ئەگەر ھازىر دادام بولغان بولسا، ئاچلىقتىن بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالمىغان بولاتتىم. ھەي ...... ئاچ قېلىش ئەجەپ يامانكەنا!» — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى.

ئۇشتۇمتۇت ئۇ، دۆۋىلەكلىك ئەخلەتنىڭ ئۈستىدە تۇرغان تۇخۇمغا ئوخشاش بىر نەرسىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئالمان - تالمان بېرىپ قارىۋىدى، راستلا يوغان بىر تۇخۇم ئىكەن.

ياغاچ قونچاقنىڭ قانچىلىك خوشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى مەن بۇ يەردە سىلەرگە تولۇق دەپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى

مەنمۇ بىر ياغاچ قوچاق بولغان بولسام، ئۇ چاغدا بىلەتتىم ـ دە!



ئۇ ھېلىقى تۇخۇمنى خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك گۇمانلىنىش بىلەن قولىغا ئېلىپ سىلاپ باقتى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ دېدى: «ئەمدى بۇنى قانداق پىشۇرۇپ يېسەم بولار؟ پۈتۈنلا پىشۇرۇپ يەيمۇ ـ يە؟ ياق، يېلىتىپ يېسەم ئوبدان بولارمىكىن، راست، قورۇپ يېسەم تەمى تېخىمۇ ئوبدان بولامدۇ؟ ياكى خاملا يەپ باقايمىكىن، ياق، ئەڭ ياخشىسى، قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپ يەي!».

ئۇ، دەرھال ئوت يېقىپ قازاننى ئاستى ۋە قازانغا ئازراق سۇ قۇيدى. چۈنكى قورۇيدىغان سۇماي ياكى سېرىق ماي يوق ئىدى. مانا ئەمدى سۇ قايناشقىلا تۇخۇمنى «تاق» قىلىپ چاقىدۇ ـ دە، بولدى! بىردەمدىن كېيىن تۇخۇمنى ھو چىقىۋاتقان قازاننىڭ ئۈستىگە تۇتۇپ تۇرۇپ چېقىۋىدى، تۇخۇمنىڭ ئىچىدىن بىر دانە چۈجە چىقتى. بەكمۇ چىرايلىق، تېتىك بۇ چۈجە ھۆرمەت بىلەن تازىم قىلىپ مۇنداق دېدى:

— پىنوككىئو ئەپەندىم، رەھمەت سىزگە! ماڭا يارىدەم قىلىپ، تۇخۇمدىن چىقىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردىڭىز، خەير، پۈتۈن ئائىلىڭىزگە بەخت تىلەيمەن!

www.uyghurkitap.com

چۈجە شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئوچۇق دەرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى - دە، كۆزدىن غايىپ بولدى.

بىچارە پىنوككىيو كۆزلىرى پاقىرىغان، ئاغزى كالامدەك ئېچىلغان ھالدا توخۇمنىڭ شاكىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە تېزلا ئېسىگە كەلدى، - دە، ئۈمىتسىزلىنىپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى: «گەپ قىلالايدىغان قارا چېكەتكىنىڭ دېگىنى راست ئىكەن، مەن ئۆيدىن قاچمىغان بولسام، دادام ھازىر ئۆيدە بولغان بولسا، ھەرگىزمۇ بۇنداق ئاچ قىلىپ، ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قالمايتتىم. ھەي ... قوساق ئېچىش دېگەن ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر كېسەل ئىكەن ئەمەسمۇ!» ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي تېخىمۇ بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئاخىرى، خوشنا مەھەللىگە بېرىپ، بىرەر ئاقكۆڭۈل ئادەمنى تاپاي، بىرەر پارچە نان بەرسە ئەجەپ ئەمەس، دەپ ئويلىدى.

## ئالتىنچى باپ

بۇ بىر قورقۇنچلۇق كېچە ئىدى. ھاۋا دەھشەتلىك گۈلدۈرلەيتتى، خۇددى ئاسماندا ئوت كەتكەندەك ۋال - ۋۇل چاقماق چاقاتتى. شىددەتلىك بوران گۈكىرەپ، پۈتۈن ئەتراپنى چاڭ - توزاڭ قاپلاپ كەتكەن ئىدى.

پىنوككىيو گۈلدۈرمامىدىن بەك قورقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوساقنىڭ ئاچلىقى قوشۇلۇپ، تېخىمۇ ھالىدىن كەتتى. ئۇ، يۈگۈرە - يۈگۈرە مەھەللىگە ئاران يېتىپ كەلدى. قورقۇش، قوساقنىڭ ئاچلىقى، ماغدۇرسىزلىقتىن ھاسىراپ -

ھۆمۇدەپ دېمىنىمۇ ئالالماي قالدى. لېكىن مەھەللىنىڭ ئىچى قاپ - قاراڭغۇلۇقتا چۆككەن بولۇپ، قىلچە تىۋىش ئاڭلانمايتتى. دۇكانلار، ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى، دەرىزىلەرمۇ تاقالغان، ھەتتا پۈتۈن ھاياتلىق غايىپ بولغاندەك كوچىدا بىرەر ئىتمۇ كۆرۈنمەيتتى.

شۇنداق بولسىمۇ پىنوككىئو يەنە ئۈمىتسىزلەنمەي، بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ «دەرۋازىنى ئۇرسام قانداقلا بولمىسۇن بىر ئادەم چىقىدىغۇ» دەپ ئويلاپ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ دەرۋازىنى قاقتى.

دېگەندەك دەرىزىدىن بېشىغا پوسما كىيىۋالغان، سۈرۈن تەلەت بىر بوۋاينىڭ بېشى كۆرۈندى.



— كېچىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟— دەپ ۋاقىرىدى بوۋاي.

— ماڭا بىر پارچە نان بەرسىڭىزچۇ؟

— يوقال!— دىدى بوۋاي. ئۇ پىنوككىئونى مۇشۇ يەردىكى كەپسىز بالىلار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. چۈنكى، بۇ يەردە بىرمۇنچە كەپسىز، يامان بالىلار بار ئىدى. ئۇلار ھەر كۈنى كېچىدە كىشىلەرنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپ، ئۇيقۇسىنى بۇزاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىچارە پىنوككىئو ئاچ قوساق، ھالىدىن كەتكەن ھالدا يەنە ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى - دە، ئۆرە تۇرۇشقىمۇ ماغدۇرى يەتمەي ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ ئىككى پۇتىنى ئوت بار تەشتەكنىڭ ئۇستىگە قويۇپ ئارام ئېلىپ ياتتى ۋە شۇ ياتقانچە ئۇزۇنغىچە ئۇخلاپ كېتىپ، ئىككى ياغاچ پۇتى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتتى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە كىمدۇ بىرسى ئىشىكنى قاققاندىلا ئويغاندى.

— كىم؟ — دېدى ئۇ، ئەسنەپ، كۆزلىرىنى ئۇۋىلاپ تۇرۇپ.

— مەن، — دېدى بىر كىشى.

بۇ گېپپېتو بوۋاينىڭ ئاۋازى ئىدى.

## يەتتىنچى باپ

بىچارە پىنوككىئونىڭ ئۇيقۇسى تېخى دىگەندەك ئېچىلىپ كەتمىگەن ئىدى. ئۇ ئىككى پۇتىنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەي، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچماقچى بولۇپ ئورۇندۇقتىن سەكرىدى. بىراق، ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۆرە تۇرالمىدى - دە، دەلدەڭشىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ تاراققىدا قىلىپ يىقىلغان ئاۋازى خۇددى بەش قەۋەتلىك ئىگىز بىنادىن بىر تاغار ئوتۇننى تاشلىۋەتكەندەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

— ئىشىكنى ئاچ، — دېدى گېپپېتو بوۋاي.

— ئىشىكنى ئاچالمايمەن، دادا، — دېدى ياغاچ قوچاق

يەردە يۇمۇلىپ يىغلاپ تۇرۇپ.

— نىمىشقا ئاچالمايسەن؟

— بىرسى پۇتۇمنى يەۋەتتى.

— نىمە يەۋەتتى؟

پىنوككىئو يەردە بىر مۈشۈكنىڭ بىرتال ياغاچنى ئويناۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ:

— مۈشۈك يەۋەتتى، — دىدى.



— ئىشىكنى ئاچ دەيمەن، — دىدى گىپپتو، — ئاچمايدىكەنسەن، ئۆزەڭگە ئاگاھ بول، ھىلى كىرىپ جازاڭنى بېردمەن!

— ماڭا ئىشەنگىن دادا، گەپىمنىڭ راستى، ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن. ۋايجان! ماڭا ئۇۋال بولدى! ئەمدى ئۆمۈرۋايەت تىزلىنىپ ماڭىدىغان بولدۇم ......

گىپپتو بوۋاي ئۆزىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ: مېنى قەستەن ئالداۋاتىدۇ، كىرىپ مات قىلىۋېتەي دەپ ئويلىدى-دە، دەرىزە بىلەن كىردى.



ئۇنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن ئىدى، لېكىن پىنوككىئونىڭ ئىككى قولىنى سوزۇپ يەردە ئولتۇرغانلىقىنى ۋە پۇتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىچ - ئىچىدىن ئازاپلاندى، ئۇنى ئاۋايلاپ كۆتىرىپ باغرىغا باستى ۋە ئېچىنغان ھالدا كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ:

— جىگىرىم پىنوككىئو! نېمە بولۇپ پۇتۇڭنى كۆيدۈرۈۋالدىڭ؟ - دېدى.

— بىلمەيمەن دادا، لېكىن ماڭا ئىشەنگىن، بۈگۈن ئۆمۈرۋايەت ئېسىمدىن چىقمايدىغان، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق كېچە بولدى: ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىپ كەتتى، قوسىقىممۇ ئاجايىپ ئاچتى! گەپ قىلالايدىغان بىر قاراچېكەت-كە ماڭا: «بۇ قاتتىقلىق ساڭا ھالال، خاتالاشتىڭ، گۇنا سەندە» دېدى. مەن «ئۆزەڭگە ئاگاھ بول» دېسەم، ئۇ يەنە: «سەن بىر ياغاچ قوچاق، سېنىڭ كاللاڭ ياغاچ» دەيدۇ، مەن بولقىنى بىر ئېتىۋېدىم، ئۇ ئۆلدى. ئۇنىدىن كېيىن مەن

توخۇم پىشۇرۇپ يەيمەن دەپ قازانغا ئوت ياقتىم، بىراق توخۇمنى چېقىشىمغا ئىچىدىن بىر چۈجە چىقتى ۋە ماڭا: «خەير پىندەك» دەپ قويۇپ ئۇچۇپ كەتتى. قوسىقىم تېخىمۇ ئاچچىقلى تۇردى، ئىلاجىسىزلىقتىن بىر ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىپ، مېنى قۇتقۇزۇۋالارمىكىن دەپ ئىشىگىنى قاقسام، پوسما كىيىۋالغان بىر بوۋاي دەرۋازىدىن بېشىنى چىقىرىپ «يوقال» دېدى. باللارغا شۇنداقمۇ دەمدۇ؟ ئاخىرى مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، پۇتۇمنى ئوت بار تەشتەككە قويۇپ ئورۇندۇقتا ئۇخلاپ قاپتىمەن، دەل شۇ چاغدا سەن كەلدىڭ. قوپۇپ قارىسام ئىككى پۇتۇم يوق تۇرىدۇ، هازىرمۇ قوسىقىم بەك ئېچىپ كېتىۋاتىدۇ، ۋايجان، ۋاييەي! قانداق قىلارمەن!...

بىچارە پىنوككىئو هۆڭگىرگىنىپ شۇنداق يىغلاپ كەتتىكى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى خېلى يىراقتىنمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى.

گېپېتو ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق هېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ياغاچ قوچاقنىڭ ئۆلگىدەك ئاچ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ يانچۇقىدىن ئۈچ دانە نەشپۈتنى ئالدى-دە، ياغاچ قوچاققا سۇنۇپ:

— بۇ ئۈچ دانە نەشپۈت مېنىڭ ناشتىلىقىم ئىدى، ساڭا بېرەي، يىگەندىن كېيىن قوسىقىڭمۇ ئاچمايدۇ، — دېدى.

— نەشپۈتنى مېنى يېسۇن دېسەڭ، پوستىنى ئاقلاپ بەرگىن.

— پوستىنى سويۇپ ئاقلاپ بەر دەمسەن؟— گېپېتو هەيران بولۇپ سورىدى، — سېنىڭ بۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى

ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەنمەن، ھەي شۇم! بۇ دۇنيادا بالىلار نىمە تاپسا شۇنى يەۋەرسە بولىۋېرىدۇ.

— بۇ سۆزۈڭگە توغرا، — دېدى پىنوككىئو، — لېكىن مەن ئەزەلدىن مېۋىنى ئاقلىماي يېگەن ئەمەس، پوستىنى يېمەيمەن!

ئاق كۆڭۈل گېپپتو بوۋاي يانچۇقىدىن قەلەمتۇراچىنى ئالدى-دە، نەشپۈتنى ناھايىتى ئاۋايلاپ ئاقلاپ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا باشلىدى.

پىنوككىئو ئاقلانغان بىر نەشپۈتنى ئىككى يالماپلا يەپ بولۇپ، ئوتتۇرىسىنى تاشلىۋەتمەكچى بولىۋېدى، گېپپتو بوۋاي دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

— تاشلىما، دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسە كېرەكسىز ئەمەس، — دېدى.

— بىراق، مەن نەشپۈتنىڭ ئوتتۇرىسىنى زادىلا يەپ باقمىغان، — دەپ ۋاقىرىدى ياغاچ قوچاق يىلاندەك تولغىنىپ تۇرۇپ.

— بوپتۇ ئەمىسە! — دېدى گېپپتو بوۋاي. ئۇ خاپا بولۇپمۇ كەتمىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۈچ دانە نەشپۈتنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئاقلىۋەتكەن پوستىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

پىنوككىئو ئۈچ دانە نەشپۈتنى پاك-پاكىز يەپ بولۇپ، بىرھازا ئەسنىگەندىن كېيىن:

— قورسىقىم يەنە ئېچىۋاتىدۇ، — دېدى.

— ......بالام، ساڭا بېرىدىغان يەنە باشقا نەرسە يوق.

— راستىلا يوقمۇ؟

— نەشپۈتنىڭ مۇشۇ تاشلاندۇق ئوتتۇرىسىدىن باشقا ھېچنىمە قالمىدى.

— بوپتۇ، — دېدى پىنوككىئو، — ئەگەر راستىنلا باشقا نەرسە بولمىسا، شۇنى بولسىمۇ يەۋەتتەي.

پىنوككىئو نەشپۈتنىڭ ئوتتۇرىسىنى يېيىشكە باشلىدى. دەسلەپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئاغزىنى قورۇپ تۇرۇپ يېدى، كېيىن بىر-بىرلەپ ھەممىسىنى يەپ بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ خوشال بولۇپ قوسىقىغا ئۇرۇپ قويدى-دە:

— ئەمدى خېلى تويغاندەك بولدۇم، — دېدى.

— ئەمدى بىلگەنسەن، — دېدى گېپپتو بوۋاي، — بايا ساڭا دېگەنلىرىمنىڭ بىرىمۇ خاتا ئەمەس، ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئادەم ھەممە نەرسىنى يېيىشكە ئادەتلىنىشى، تاماق تاللىماسلىقى لازىم. جېنىم قوزام، ئادەم بۇ دۇنيادا ئۆز بېشىغا قانداق كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، جاپا-مۇشەققەتلىك كۈنلەرگە دائىم تەييار تۇرۇش كېرەك!

## سەككىزىنچى باپ

ياغاچ قورچاق قوسىقىنى ئازراق تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىگە يېڭىدىن پۇت ياسىتىۋېلىش نىيىتىدە ھەدەپ ھۆڭگىرگىتىپ يىغلاشقا باشلىدى.

گېپپتو بوۋاي ئۇنىڭ گۇنايىغا جازا بولسۇن ئۈچۈن، يىغلىساڭ يىغلا دەپ ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭغا:

— ساڭا نېمىشقا يېڭى پۇت ياساپ بېرەتتىم؟ سېنى يەنە قېچىپ كەتسۇن دەپمۇ؟ — دېدى.

— مەن ۋەدە بېرەي، — دېدى ياغاچ قورچاق يىغلاپ تۇرۇپ، — بۈگۈندىن باشلاپ ئوبدان بالا بولىمەن.

— ئادەتتە ئەسكى باللار بىرەر نەرسىگە ئىگە بولۇۋې-
لىش ۋاقتىدا دائىم مۇشۇنداق چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىدۇ.

— چوقۇم مەكتەپكە بارىمەن، تىرىشىپ ئوقۇيمەن. ياخ-
شى بىر.........

— يامان باللار مەقسىدىگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن دائىم مۇ-
شۇنداق چۆچەكلەرنى سۆزلەيدۇ.

— لېكىن مەن ئۇنداق باللاردىن ئەمەس، راست گەپ،
مەن ئۇلاردىن ئوبدان. دادا، مەن ساڭا شۇنداق ۋەدە بېرى-
مەنكى، ئوبدان ئوقۇپ، قابىلىيەتلىك ئادەم بولۇپ چىقىمەن.
قېرىغان ۋاقتىڭدا ساڭا قارايمەن، سېنى ئوبدان باقىمەن.



گېپپىتو بوۋاي بىچارە پىنوككىئونىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەندىن
كېيىن ئاچچىقى يانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچى ئاغرىپ يىغ-
لاپ تاشلىدى ۋە سايمانلىرىنى كۆتىرىپ كېلىپ، ئىككى تال
ياغاچنى ئالدى-دە، پۇت ياساشقا كىرىشتى.

بىر سائەتلەردىن كېيىن خۇددى ئۇستا سەنئەتكار ئويۇپ
چىققاندەك چىرايلىق، يېنىك، مەزمۇت يېڭى پۇت ياسىلىپ چىق-
تى. گېپپىتو بوۋاي ياغاچ قوچاققا قاراپ:

— بېرىپ ئۇخلا، — دېدى.

پىنوككىئو كۆزىنى يۇمۇپ، ئۇخلىغاندەك ياتتى، گېپېتو بو-ۋاي يېڭى ياسىغان پۇتىنى يار-يىلىم بىلەن ئۇنىڭ پۇتىغا بىلىنمەيدىغان قىلىپ چاپلاپ قويىدى. ئۇ، پۇتىنى شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن چاپلىدىكى، ئۇنىڭ چاپلىغان پۇت ئىكەنلىكىنى كۆز بىلەن پەرق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ياغاچ قوچاق ئۆز پۇتىنىڭ ياسىلىپ بولغانلىقىنى سېزدى-دە، خۇشاللىقى-دىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ ئۇسۇل ئويناپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ، دادىسىغا:

— بۇ ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن مەن مەكتەپكە بېرىپ ئو-قۇيمەن، — دېدى.

— يارايسەن ئوغلۇم!

— بىراق مەكتەپكە بېرىشىم ئۈچۈن كىيىم كىيىشىم كېرەك-تە!

گېپېتو بوۋاي بەك كەمبەغەل بولۇپ، يانچۇقىدا بىر تىي-يىن پۇلمۇ يوق ئىدى. ئاخىرى ئۇ گۈللۈك قېلىن قەغەز-دىن بىر قۇر كىيىم، دەرەخ قوۋزىقىدىن بىر ئاياق، كۆكىرىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن قاتتىق-قۇرۇق نانلارنىڭ ئۇۋاقلىرىنى يىغىپ خېمىر قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بىر بۆك ياسىدى.

پىنوككىئو بۇ كىيىملەرنى كىيگەندىن كېيىن، ئىتتىك كېلىپ داستىكى سۇدا ئۆزىنىڭ شولىسىنى كۆردى-دە، خۇ-شال بولۇپ ۋاقىرىۋەتتى:

— قارا، مەن نېمە دېگەن چىرايلىق-ھە؟

— شۇنداق، توغرا دېدىڭ، — دېدى گېپېتو بوۋاي جاۋاپ بېرىپ، — بىراق ئېسىڭدە بولسۇنكى، چىرايلىق كىيىمنى پاكىز كىيىش كېرەك.



— توختاپ تۇر دادا، — دېدى ياغاچ قوچاق دادىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئەمدى ئېسىمگە كېلىشىۋاتىدۇ، ئەگەر مەكتەپكە بارسام يەنە بىر نەرسە كەم ئىكەن.

— نىمە كەم ئىكەن؟

— قارىماسەن، ئوقۇيدىغان ئېلىپبە بولمىسا بولامدۇ؟

— توغرا، بىراق قانداق قىلىمەن؟

— ناھايىتى ئاسانغۇ، كىتاپ ساتىدىغان دۇكانغا بېرىپ بىرنى سېتىۋالساڭ بولدى.

— پۇلنى قانداق قىلىمەن؟

— مەندە پۇل يوق.

— مەندىمۇ پۇل يوق ئەمەسمۇ، — دېدى ئاقكۆڭۈل بو-

ۋاي ۋە نىمە قىلىشىنى بىلمەي قايغۇرۇپ تۇرۇپ كەتتى،

خوشال بولۇپ كەتكەن پىنوككىونىڭ خوشاللىغىمۇ غايىپ بولدى، بۇنىڭ ھەقىقەتەن قىيىن بىر ئىش ئىكەنلىگى ھەممىگە ئايان، جۇملىدىن بۇنى بالىلارمۇ چۈشىنىدۇ.

— بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرغىن! — دىدى گېپپېتو بوۋاي ئورنىدىن تۇردى ۋە ياماق چاپىنىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بوۋاي ئېلىپبە كۆتىرىپ كىرىپ كەلدى. بىراق چاپىنى يوق تۇراتتى. سىرتتا بولسا لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى. بۇ بىچارە بوۋاي كۆينەكچان قالغان ئىدى.

— دادا، چاپىنىڭ قېنى؟

— سېتىۋەتتىم.




— نىمىشقا ساتتىڭ؟

— بەك ئىسسىپ كېتىدىكەنمەن.

پىنوككىو شۇ ھامان ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. ئىختىيارسىز يۈگۈرۈپ كېلىپ دادىسىغا ئېسىلدى-دە، بوينىدىن قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باپ

قار توختىغان ئىدى. پىنوككىئو يېڭى ئېلىپبە كىتاۋىنى قولتۇغىغا قىستۇرۇپ مەكتەپكە كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ كىچىك-كىنە كاللىسى چوڭ-كىچىك ئىشلار، ھەر خىل پەلپەتىش خىياللار بىلەن بەنت ئىدى. ئۇ كېتىپ بېرىپ ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ قوياتتى: بۈگۈن مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن دەرھال ئۆگى-نىشكە كىرىشىمەن، ئەتەخەت يېزىشنى ئۆگىنىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ھىساپ ئۆگىنىمەن، شۇنىڭ بىلەن خىزمەتكە چىقىشىم مۇمكىن، پۇل دىگەننى تاپىمەن، يانچۇغۇم پۇلغىمۇ تولىدۇ. دادامغا پاختا رەختىن بىر قۇركىيىم قىلىپ بېرەي، ياق، نىمىشقا پاختا رەختىن قىلىپ بېرىدىكەنمەن؟ دادامغا تېيىشى ئالتۇندىن، ئەستىرى كۈمۈشتىن تىكىلگەن، تۈگمىسى ئالماستىن قىلىنغان كىيىم قىلىپ بېرىمەن. بىچارە دادام ئاشۇنداق كىيىم كىيسۇن، چۈنكى ئۇ ماڭا ئېلىپبە كىتاۋىنى ئېلىپ بېرىمەن دەپ مۇشۇنداق قاتتىق سوغاقتا كۆينەكچان قالدى. دۇنيادا مېنىڭ دادامدەك ئىسىل ئادەملەر ناھايىتى ئاز جۇمۇ!

ئۇ، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپ قىلىپ كېتىۋاتقاندا ئۇشۇ-تۇمتۇت «پى-پى-پى، دۈك-دۈك-دۈك! پى-پى-پى، گۈمبۈر-گۈم!» قىلىپ چېلىنىۋاتقان نەي، دۈمباقلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭ-لاپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ئاۋاز دېڭىز بويىدىكى مەيدان تەرەپ-تىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. «نىمە دىگەن پەيزى مۇزىكا-ھە! بىراق، تازا قاملاشمىغان چاغدا — مەكتەپكە كېتىپ بارغاندا چېلىنىۋا-تىدۇ-دە، ئەگەر ......» ئۇ، قانداق قىلسام بولار، مەك-تەپكە بارسام بولارمۇ، بارمىسام بولارمۇ، داقا-دۈمباق چېلى-نىۋاتقان يەرگە بارايمۇ يا، دىگەن خىياللار بىلەن ئارىسالدا

بولۇپ، يولدا تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى ئۇ: «بۈگۈن داقا - دۇم-
باق چېلىنىۋاتقان يەرگە بارايلا، مەكتەپكە ئەتە بارساممۇ
بولار، كۈن دېگەن تولىغۇ!» - دېدى مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ.
ئۇ شۇ ھامان چوڭ كوچىغا قاراپ يۈگۈردى يېقىنلاشقان-
سېرى، چېلىنىۋاتقان نەي، داقا - دۇمباقنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ
ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

پى - پى - پى، گۇمبۇر - گۇم! پى - پى - پى، گۇمبۇر - گۇم!

ئانچە ئۆتمەي ئۇ ئادەملەر مىغىلدىشىپ كەتكەن مەي-
داننىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلدى. ھەممە ئادەم بىر ياغاچ
ئىمارەتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئىدى. ئىمارەتنىڭ تام-




لىرىغا رەڭگا - رەڭ بىر نىمىلەر سىزىلغان ئىدى، پىنوككىيو
يېنىدا تۇرغان بىر بالىدىن:

- بۇ نىمە ئۆي؟ - دەپ سورىدى.

- ئاۋۇ ئېلاننى ئوقۇساڭ بىلىسەن.

- ئوقۇشنى ئوقۇيتتىم، نىمىشقىدۇ بۈگۈن ئوقۇيالمايۋا-
تىمەن.

www.uyghurkitap.com

— ھەي، ساراڭ! مەن ئوقۇپ بېرەي ئاڭلا، ئاۋۇ چوڭ-دەك قىپ-قىزىل خەت بارغۇ، «قوچاق ئويۇن تىياتىرخانىسى» دېگەن سۆز.

— قويۇننى قاچان باشلايدىكەن؟

— ھازىر.

— بىلەتنى قانچە پۇل ئىكەن؟

— تۆت موچەن.

پىنوككىئو ئويۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ھەممە ۋەدىلىرىنى ئۇنۇتتى، ھەتتا ئىزا تارتماي ھىلىقى بالىدىن:

— ماڭا تۆت موچەن قەرز بېرىپ تۇرساڭچۇ؟ ئەتىلا بېرىۋېتىمەن، — دەپ پۇل سورىدى.

— بېرەتتىم، بىراق بۈگۈن يېنىمدا پۇل يوق.

— ئۇنداق بولسا ئۇچامدىكى كۆينەكنى تۆت موچەنگە ساتاي، ئالامسەن؟ — دېدى ياغاچ قوچاق.

— قىلىن قەغەزدىن تىكىۋالغان كۆينەكنى نىمە قىلىمەن؟ بىرلا يامغۇردا قالسا توگەيدۇ — ئۇ!

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ ئايىغىمنى ئالامسەن؟

— ئۇ بىر ئوتۇنغۇ!

— ماقۇل، بۆكۈمنى نەچچە پۇلغا ئالىسەن؟

— تازا سودىگەر ئىكەنغۇ ماۋۇ! خېمىردا ياساپ قويغان بۆكنى ئالامدىمەن! ئاخشاملىققىلا چاشقان بۇنىڭ ھىچنىمىسىنى قويماس؟

پىنوككىئو نىمە قىلىشىنى بىلمەي تازا قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئۇ پەقەت بىرلا نەرسىنى دېيىشكە پېتىنالمايۋاتاتتى، ئاخىرى ئۇنىمۇ دېدى:

— ماقۇل، ماۋۇ كىتاۋىمنى تۆت موچەنگە ساتاي، ئالامسەن؟

— مەن كىچىك بالا تۇرسام، كىچىك بالا ساتقان بىر نەرسىنى ھەرگىز ئالمايمەن! — دېدى ئۇ بالا. ئۇ پىنوككىئودىن كۆپ ئەقىللىق ئىدى.

— ئەكەل، تۆت موچەنگە مەن ئالاي، — دېدى ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرغان، كىيىملىرى كونا بىر يايمىچى.



شۇنداق قىلىپ ئۇ كىتابىنى سېتىۋەتتى. ئويلاپ بېقىڭلار، بىچارە گېپپېتو بوۋاي ھازىر قانداق ئەھۋالدا قالدى؟ ئۇ ئوغلىغا مۇشۇ ئېلىپبەنى ئېلىپ بېرىدىمەن دەپ قاتتىق سوغاقتا كۆينەكچان قالمىغانمۇ؟!

## ئونىنچى باپ

پىنوككىئو قوچاق ئويۇنى تىياتىرخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن چاتاقنىڭ يوغىنى چىقىپ، توگىمەس بالاغا ئۇچرىغىلى

قىل - قىل قالدى.

مېنىڭ كىچىك كىتاپخانلىرىم، بىلىپ قېلىڭلاركى، بۇ چاغدا پەردە ئېچىلىپ، ئويۇن ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەن ئىدى. خاركىن بىلەن پەنسىلو دىگەن ئىككى ياغاچ قوچاق سەھنىگە چىقىۋېلىپ، يەنە شۇ كونا پەددە كالتەكۋازلىق قىلماقتا ھەم ۋاقىراشماقتا ئىدى. تاماشىچىلار جىم-جىت ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلار بۇ ئىككى ياغاچ قوچاقنىڭ خۇددى راست ئادەمدەك ناھايىتى تەبىئى ھەركەتلىرىگە قاراپ كۈلۈشەتتى.

خاركىن ئۇشتۇمتۇت ھەركەتتىن توختىدى - دە، قولى بىلەن تاماشىچىلارنىڭ كەينىدە تۇرغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتقاندەك سوزۇپ ۋاقىردى:

— كۆزۈمگە نېمە كۆرۈنۈۋاتىدۇ؟ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ ئاۋۇ بالا پىنوككىئو ئەمەسمۇ!

— توغرا، پىنوككىئو! — دىدى پەنسىلو.

— دەل شۇ! — روسامۇ دىكراتسىيىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ۋاقىرىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن تىياتىرخانىدىكى قوچاقلارنىڭ ھەممىسى سەھنىگە يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ قالايمىقان ۋاقىراشقا باشلىدى:

— پىنوككىئو! پىنوككىئو!

— پىنوككىئو، مەيەرگە چىق! — دەپ ۋاقىردى خاركىن، — ياغاچ دوستلىرىڭ بىلەن كۆرۈشمەمسەن!

پىنوككىئو ئۇلارنىڭ شۇنچە قىزغىن قارشى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن بىرلا سەكرەپ ئالدىغا، يەنە بىر سەكرەپ مۇزىكانتلار دىرىژورىنىڭ بېشىغا، ئاندىن سەھنىگە چىقتى.



پىنوككىئونىڭ سەھنىدىكى قىز - ئوغۇل ئەرتىسلەر بىلەن قانداق سۆيۈشكەنلىكىنى، قانداق قۇچاقلاشقانلىقىنى تەبرىكلەشكەنلىكىنى، يېقىن دوستلۇقىنى ئىزھار قىلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ياغاچ كاللىسىغا چۈشلۈق قىلىشقان سۆزلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن، بۇ ھەقىقەتەنمۇ تەسىرلىك بىر پەردە ئويۇن بولدى. لېكىن تاماشىچىلار ئويۇننىڭ توختاپ قالغانلىقىغا چىدىماي ۋاقىراشقا باشلىدى:

— ئويۇن كۆرىمىز، بىزگە ئويۇن كېرەك!

تاماشىچىلار خېلىغىچە كۈتتى. ياغاچ قوچاقلار ئويۇننى باشلىمىغاندىن كېيىن يەنە ۋاقىراشقا باشلىدى. ئۇلار بولسا پىنوككىئونى قولتۇقلىشىۋېلىپ خوشال سەكرىشەتتى.

دەل شۇ پەيتتە تىياتىر مۇدىرى چىقىپ قالدى. ئۇ ئىگىز بوي، قورقۇنچلۇق ئادەم ئىدى. قاپ - قارا ئۇزۇن ساقىلى يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرغاچقا، ماڭغاندا دەسسىۋېلىپ مۇدۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئاغزى خۇددى بىر ئۆچكۈر ئىدى. ئىككى كۆزى يېنىپ تۇرغان لامپۇچكىدەك پارقىراپ تۇراتتى. قولىدا يىلان بىلەن تۈلكە قۇيرۇقىدىن ئېشىلگەن قامچا تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ، ئۇشتۇمتۇت كىرىۋىدى، جىمى قوچاقلار موللا مۇشۇك بوپ كەتتى. ھەتتا قاتتىقراقمۇ تىنىشالماي قالدى، شۇنچىلىق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتكى چىۋىننىڭ ئۇچقىنىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى. مەيلى ئوغۇل، مەيلى قىز قوچاقلار بولسۇن، بىچارىلەر خۇددى تال يوپۇرماقلىرىدەك دىر - دىر تىترىشىپ كەتكەن ئىدى.

— سەن نىمە بۇ يەرگە كىلىپ قالايمىقان قىلىسەن؟ — دىدى مۇدىر پىنوككىئوغا تىكىلىپ. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى زۇكام بولۇپ قالغان ئالۋاستىنىڭ ئاۋازىدەك غاراڭ - غۇرۇڭ چىقاتتى

— ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى ئەپەندىم، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن قالايمىقان قىلمىدىم!

— كاپىشما! ئويۇن تۈگىسۇن. سەن بىلەن كەچتە سۆزلىشىمەن!

ياغاچ قوچاقلار ئويۇننى داۋاملاشتۇردى. ئويۇن تۈگىگەندىن كىيىن مۇدىر ئاشخانىغا كىردى. بۇ يەردە ئۇنىڭ كەچلىك تامىقى ئۈچۈن پۈتۈن، بىر قوينىڭ گۆشى كاۋاپ قىلىنىۋاتاتتى. ئوچاقتىكى ئوتۇن كۆيۈپ بولغان، بىراق كاۋاپ تېخى پىشمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ خاركىن بىلەن پەنسىلونى چاقىرىپ:

— سىلەر بېرىپ، قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغان ھىلىقى ياغاچ قوچاقنى ئېلىپ كىلىڭلار، ئۇ قۇرۇق ياغاچتا ياسالغان قوچاق، تازا ئوبدان كۆيىدۇ،— دىدى.

خاركىن بىلەن پەنسىلو ھە دىگەندە ئۇنى ئېلىپ كېلىشكە پېتىنالمىدى، لېكىن مۇدىرنىڭ ياۋۇز كۆزلىرىنى كۆرگەندىن كىيىن ئىختىيارسىز پايپىتەك بولۇپ كىتىشتى - دە، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقىچە پىنوككىئونى تۇتۇپ ئاشخانىغا ئېلىپ كىرىشتى، پىنوككىئو خۇددى ھازىرلا تۇتۇپ كېلىنگەن يىلان بېلىقىدەك يۇلقۇناتتى ۋە چىقىرايتتى:



— ۋاي دادا، جېنىم دادا، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن! مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن!......

## ئون بىرىنچى باپ

مۇدىرنىڭ لەقىمى ئوپقان بولۇپ، بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مەيدىسىنى يېپىپ تۇرغان قاپ - قارا ساقىلى خۇددى ئالدىغا تارتىۋالغان ئۇزۇن پەرتۇقتەك سۆرۈلۈپ تۇراتتى. شۇنداقلىقىغا قارىماي ئۇ ئانچىمۇ يامان ئادەم ئەمەس ئىدى. «ئۆلۈشنى خالىمايمەن، مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن» دەپ ۋاقىراپ كىرىۋاتقان پىنوككىيونى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. باشتا ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالغان بولسىمۇ، كېيىن زادىلا چىدىماپ تۇرالمىدى - دە، قاتتىق چۈشكۈرۈشكە باشلىدى.

ئېغىر غەم - قايغۇغا چۆكۈپ، خۇددى مەجنۇن تالدەك

بېشى ساڭگىلاپ كەتكەن خارىكىن مۇدىرنىڭ چۈشكۈرۈشىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇشقا باشلىدى ۋە پىنوككىئوغا پىچىرلىدى:

— ئۇكام، خوشخەۋەر، بىزنىڭ خوجايىن چۈشكۈرگىلى تۇردى. بۇ، ساڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى، ئەمدى قۇتۇلۇپ قالىدىغان بولدۇڭ!

سىلەر بىلىسىلەر، كۆپىنچە كىشىلەر ئادەمگە ئىچ ئاغرىتقاندا يىغلىۋېتىدۇ، لېكىن ئوپىقان بولسا چۈشكۈرەتتى. بۇ ئۇنىڭ تەسىرلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

مۇدىر ھازىر چۈشكۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يالغاندىن ئۆزىنى غەزەپلەنگەنگە سېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— يىغلىما! يىغاڭ كۆڭلۈمگە تېگىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بىردەم...... ھەپچۈش - ھەپچۈش...... - ئۇ كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم چۈشكۈرۈۋەتتى.

— خۇدايىم ئۆز پانايىدا ساقلىسۇن، — دېدى پىنوككىئو.

— رەھمەت ساڭا، ئاتا ئاناڭ بارمۇ؟ - سورىدى ئوپىقان.



— دادام بار، بىراق ئاپامنى كۆرۈپ باقمىغان، بارمۇ-يوق بىلمەيمەن.

— ھىم، سېنى ئوتۇن قىلىپ ئوچاققا قالىۋەتسەم داداڭ قانچىلىك ئازاپلىنار - ھە-ھە! بىچارە بوۋاي! مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ... ھەپچۇش - ھەپ-چۇش - ھەپچۇش!— ئۇ يەنە ئۈچ قېتىم چۈشكۈردى.

— خۇدايىم ئۆزەڭگە ئامانەت!— دېدى پىنوككىئو.

— رەھمەت ساڭا، بىراق ماڭىمۇ باشقىلارنىڭ ئىچى ئاغرىشى كېرەك. مانا كۆرۈۋاتىسەن، ئوتۇن تۈگەپ كېتىپ كاۋاپنى پىشۇرالمايۋاتىمەن، لېكىن سەن بولساڭ تازا ئوبدان كۆيىدىغان نەرسە ئىدىڭ، شۇنداق بولسىمۇ سەۋرى قىلىپ، ساڭا ياخشىلىق قىلاي، سېنىڭ ئورنىڭغا تىياتىرخانامدىكىلەردىن بىرىنى قالاي، ھەي قورۇقچى، مەيەگە كەل!

بېشىدا ھەربى شەپكىسى بار، قىلىچ ئاسقان ئىككى ياغاچ قورۇقچى كىرىپ كەلدى. مۇدىر ھاسىراپ تۇرۇپ:

— ئاۋۇ خاركىننى باغلاپ كىرىپ ئوچاققا تاشلاڭلار، گۆش پىشسۇن!— دېدى.

خاركىننىڭ قانچىلىك قورقۇپ كەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈۋاتامسىلەر. ئۇ دىرىلدەپ تىترەپ، يەرگىمۇ تۈزۈك دەسسىيەلمەي، بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. پىنوككىئو بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇدىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھەسرەت بىلەن يىغلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ھەتتا مۇدىرنىڭ قاپ-قارا، ئۇزۇن ساقاللىرىنىمۇ ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇ يالۋۇرۇپ:

— ئوپقان ئەپەندىم، رەھىم قىلسىلا!— دېدى.

— بۇ يەردە ئەپەندىم يوق،— دېدى مۇدىر سوغاققىنا.

www.uyghurkitap.com

— رەھمى قىلسىلا، پالۋان ئەپەندىم!

— بۇ يەردە پالۋان ئەپەندىم يوق.

— رەھمى قىلسىلا مارشال ئەپەندىم!

— بۇ يەردە مارشال ئەپەندىم يوق.

— رەھمى قىلسىلا مۆھتىرەم جاناپ!

مۇدىر «مۆھتىرەم» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ شۇ ھامان مۇلايىملاشتى. ئۇ پىنوككىئوغا قاراپ:

— نېمە قىل دەيسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بىچارە خاركىننى تىلىۋالاي.

— مەن سېنى ئازات قىلغاندىن كېيىن باشقا بىرسىنى ئوچاققا سالمىسام، گۆشۈم قانداق پىشىدۇ؟

— ئۇنداقتا، — پىنوككىئو مەغرۇر ھالدا قەددىنى تىك تۇتۇۋىدى، بېشىدىكى بۆكى چۈشۈپ كەتتى، — ئۇنداقتا گۇنا مەندە، كېلىڭلار، مېنى باغلاپ ئوچاققا تاشلاڭلار، مېنى دەپ يېقىن دوستۇم بىچارە خاركىننىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرالمايمەن!

پىنوككىئونىڭ باتۇرلۇق بىلەن ئېيتقان بۇ جاراڭلىق سۆزلىرىدىن ھەممە ياغاچ قورچاقلار تەسىرلىنىپ يىغلاپ كېتىشتى. قورۇقچىلار ياغاچتىن ياسالغان بولسىمۇ، ئۇلارمۇ مۇڭلىنىپ يىغلاپ كېتىشتى.

باشتا ئوپقان زادىلا ئېرىمەيدىغان مۇزدەك قاتتىق تۇردى، لېكىن بارا ـ بارا تەسىرلىنىپ ھە دەپ چۈشكۈرۈشكە باشلىدى. توختىماي بەش ـ ئالتە قېتىم چۈشكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئىككى قولىنى سۇنۇپ، پىنوككىئوغا:

— سەن باتۇر ئەزىمەت ئىكەنسەن، كەل، مېنى سۆيۈپ قوي، — دېدى.

پىنوككىئو گويا تىيىنغا ئوخشاش، مۇدىرنىڭ ساقىلىغا يامى-
شىپ چىقىپ، ئۇنىڭ بۇرنىغا سۆيۈپ قويدى.
— مېنىمۇ ئازات قىلدىڭىزمۇ؟ — دېدى خاركىن ئاۋازىنى
ئاران چىقىرىپ.
— ھە - ئە. سېنىمۇ ئازات قىلدىم، — دېدى ئوپقان
بېشىنى چايقاپ ۋە بىر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، -
بۈگۈن كەچ مەن چالا پىشقان تاماقنى يەيدىغان بولدۇم. لېكىن
بۇندىن كېيىن كىمدە - كىم مېنىڭ پىلانىمنى ئۆزگەرتىدىكەن. ئۇنى
نەس باسىدۇ!
ياغاچ قوچاقلار خاركىننىڭ ئازات قىلىنغانلىغىنى ئاڭلىغان-
دىن كېيىن، سەھنىگە يۈگۈرۈشۈپ چىقتى ۋە خۇددى بىر بايرام
قىلىۋاتقاندەك ھەممە چىراقلارنى ياندۇرۇۋېتىپ ئۇسۇلغا چۈشۈپ
كېتىشتى، شۇ تەرىقىدە توختىماي تاڭ ئاتقىچە ئۇسۇل ئويناشتى.

# ئون ئىككىنچى باپ

ئەتىسى ئەتىگەندە ئوپقان پىنوككىئونى ئالدىغا چاقىرىپ
كىرىپ سورىدى:
— سېنىڭ داداڭ كىم؟
— گېپىتو.
— نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— بەك كەمبەغەل.
— كۈنىگە قانچىلىك پۇل تاپىدۇ؟
— ناھايىتى ئاز، يانچۇغىدا دائىم پۇلى يوق، ئويلاپ
باقسىلا، ئۇ ماڭا بىر ئېلىپبە كىتاۋىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن
ھەتتا مىڭ يېرىگە ياماق چۈشكەن چاپىنىنى ساتتى، چاپىنىنىڭ

پۇلىغا ئارانلا شۇ ئېلىپبە كەلدى.

— ھەي بىچارە! داداڭغا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، ساڭا بەش تىللا بېرەي، دەرھال داداڭغا ئاپىرىپ بەر، مېنىڭدىن سالام ئېيت!

پىنوككىئو مۇدىرغا كۆپ رەھمەت ئېيتتى. ئۇنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سىلەرگىمۇ چۈشىنىشلىك. بۇ چاغدا پىنوككىئو بار-



لىق ياغاچ قوچاقلار بىلەن ئېيتقۇسىز خوشاللىق ئىچىدە بىر - بىردىن قۇچاقلىشىپ خوشلاشقاندىن كېيىن ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ، يېرىم چاقىرىم ماڭا - ماڭمايلا بىر توكۇر تۈلكە بىلەن بىر قارىغۇ مۈشۈككە ئۇچراپ قالدى. توكۇر تۈلكە قارىغۇ مۈشۈكنى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى.

— سالام پىنوككىئو! — دىدى تۈلكە ۋە ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى.

— سەن مېنىڭ ئىسمىمنى قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سورىدى ياغاچ قوچاق.

— مەن سېنىڭ داداڭ بىلەن ناھايىتى يېقىن.

— سەن دادامنى نەدە كۆرگەن؟

— تېخى تۈنۈگۈنلا ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتىكەن. كۆرۈشتۇم.

— ئۇ نېمە ئىش قىلىۋېتىپتىكەن؟

— سوغاقتا تىترەپ، كۈيىنەكچان تۇرۇپتۇ.

— ھەي، بىچارە دادام! بىراق ئەتىدىن باشلاپ سوغاقتا تىترىمەيدۇ.

— قانداق دەيسەن؟

— چۈنكى مەن ھازىر باي بولدۇم.

— سەن بايمۇ تېخى!— دىدى تۈلكە كۈلۈپ كېتىپ، ئارقىدىن مۈشۈكمۇ كۈلۈپ قويدى، بىراق ئۇ يەنە چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھال ئىككى قولى بىلەن بۇرۇتىنى تارىغان بولۇپ تۇرۇۋالدى.

— نېمىگە كۈلۈشىلەر؟— دىدى پىنوككىئو ئۈشتۈمتۇت،— مەن ئۆز بايلىقىنى كوز - كوز قىلىدىغان ئادەمگە ئەزەلدىن ئۆچ ، ئىشەنمەيۋاتامسىلەر، ئۇنداق بولسا مانا ماۋۇ چىرايلىق بەش تىللانى كۆرۈپ بېقىڭلار!

ئۇ يانچۇقىدىن بەش تىللانى چىقىرىپ كۆرسەتتى. تىللانىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۈلكىنىڭ توكۇر پۇتى ساقىيىپ قالغاندەك ئۇزىراپ كەتتى، مۈشۈكنىڭمۇ ئىككى كۆزى يېشىل چىراقتەك پاللىدا قىلىپ كەتتى. پىنوككىئو ئۇلارنىڭ بۇ ھەركەتلىرىگە ئانچە سەپ سالمىدى.

— ئۇنداقتا بۇ پۇلنى نېمە قىلاي دەۋاتىسەن؟— دەپ سورىدى تۈلكە.

— ئالدى بىلەن دادامغا تېشى ئالتۇندىن، ئەستىرى كۈمۈشتىن، تۈگمىسى ئالماستىن بىر قۇركىيىم قىلىپ بېرىمەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزەمگە يېڭى ئېلىپبەدىن بىرنى ئالىمەن،- دەپ جاۋاپ بەردى ياغاچ قوچاق.

— ئېلىپبەنى ئۆزەڭگە ئالامسەن؟

— ئەلۋەتتە ئۆزەمگە ئالىمەن، مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيمەن - دە!

— ماڭا قارىغىنا! مەن ئوقۇيمەن دەپ توكۇر بولۇپ قالغان، - دېدى تۈلكە.

— ماڭا قارا، مەنمۇ ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىمدىن ئىككى كۆزۈمدىن ئايرىلغان، — دېدى مۈشۈك.

دەل شۇ پەيتتە بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ:

— پىنوككىئو، سەن بۇ بۇزۇقلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما. ئەگەر ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالىدىغان بولساڭ، سېنى پالاكەت باسىدۇ، — دېدى.

قاغا گېپىنى تۈگىتىپ تۇراتتى، مۈشۈك بىرلا ئېتىلىپ ئۇنى تۇتۇۋالدى - دە، پۈتۈنلا يالماپ يۇتۇۋەتتى، قاغا «ۋاي» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى، مۈشۈك قاغىنى يەپ بولغاندىن كېيىن كالپۇكلىرىنى يالىشىپ يەنە بۇرۇنقىدەكلا قارىغۇ بولۇۋالدى.

— بىچارە قاغا، — دېدى پىنوككىئو ۋە مۈشۈككە قاراپ داۋام قىلدى، — سەن نىمانچە ئۇنىڭغا ۋەھشىلىك قىلىسەن؟

— بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويدۇم. ئەمدى ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان بولىدۇ.

ئۇلار خېلىغىچە بىللە مېڭىشتى، بىر يەرگە كەلگەندە تۈلكە ئۇشتۇمتۇت توختاپ ياغاچ قوچاقتىن:

— سەن پۇلۇڭنى كۆپەيتىشنى خالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ نىمە دېگىنىڭ؟

— بۇ ئازغىنا بەش تىللايىڭنى ئون تىللا، يۈز تىللا،



مىڭ تىللا قىلىشنى خالامسەن دەۋاتىمەن!

— خالىمايچۇ! بىراق، قانداق كۆپەيتكىلى بولىدۇ؟

— بۇ ئوڭاي گەپ، خالىساڭ ئۆيۈڭگە بارماي بىز بىلەن ماڭ.

— سىلەر بىلەن نەگە بارىمەن؟

— مۇشۇكياپىلاقلار دۆلىتىگە بارىمىز.

پىنوككىئو ئويلاپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، كېيىنچىلا مۇنداق دېدى:

— ياق، بارمايمەن، تۈنۈگۈن كېچە ئۆيدە قونمىدىم. بۈگۈن يەنە بارمىسام، بىچارە قېرى دادام قايغۇرۇپ يىغلىمامدۇ؟ مۇشۇ تۇرقىمدا ئۇ مېنى كېلىدۇ دەپ يولۇمغا قاراپلا ئولتۇرىدىغاندۇ، مەن زادى يامان. گەپ قىلالايدىغان قارا چېكەتكە: گەپ ئاڭلىمايدىغان بالىلار دۇنيادا ئۇمۇرۋايەت بەختلىك بولالمايدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىگەن ئىدى، ئۇنىڭ سۆزى تـوغرا، مەن بولمىغۇر ئىشلارنـى
قىلدىم، ئەمدى بۇرنۇمغىمۇ يىدىم. تـۈنۈگۈن كېچە ئوپقاننىـڭ
ئۆيىدە ئۇچرىغان خەتەرلەرنى ئـويلىسام، ۋاي ـ ۋۇي! تېنىم
شۈركىنىپ كېتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۆيۈڭگـە كېتەمسەن؟ بوپتۇ، كېتىۋە!
تېخى نى ـــ نى چاتاقلارغا بۇندىن كېيىن ئۇچرايسەن.

— شۇنداق، چاتاق ئىشلارغا تېخى بۇندىن كېيىن ئۇچـ
رايسەن، — دىدى مۈشۈك،

— يەنە بىر قېتىم ئوبدانراق ئويلىنىـپ باق پىنوككىئو،
هازىر سەن نۇرغۇن بايلىقنى قولدىن بېرىپ قويىۋاتىسەن.

— ھەئە، نۇرغۇن بايلىقنى، — دىدى مۈشۈك.

— بەش تىللايىڭ ئىككى مىڭ تىللا بولاتتى

— ھەئە، ئىككى مىڭ تىللا بولاتتـى، — تـەكرارلىدى
مۈشۈك.

— بەش تىللا قانداق قىلىپ ئىككى مىڭ تىللا بولىدۇ؟ —
دىدى پىنوككىئو ھەيران بولۇپ.

— ساڭا سۆزلەپ بېرەي، — دىدى تۈلكە، — مۈشۈكيا-
پىلاقلار دۆلىتىدە خاسىيەتلىك بىر ئېتىز بار. ئۇنـى غارايىـپ
ئېتىز دەيدۇ. سەن ئۇ ئېتىزغا بارغاندىن كېيىن يەرنـى ئازراق
كولايسەن ـ دە، بىر تىللانى كۆمۈپ قويىسەن، بۇلاقتىـن سۇ
ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بىر قوشۇق تۇز سېلىـپ، سۇغىرىسەن،
ئۇنىڭدىن كېيىن كارۋىتىڭغا كېلىپ ياتىسەن. دەل شۇ كـېچىـسى
يېرىم كېچىدە كۆمۈپ قويغان تىللا دەرەخ بولۇپ ئۈنۈپ چىقىـ
دۇ ـ دە، چېچەكلەيدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئېتىزغا بارىدىغان
بولساڭ نىمىنى كۆرىسەن، تاپقىنا قېنى؟ ۋاھ، مىغىلدا تىللا ساڭـ
گىلاپ تۇرغان بىر تۈپ دەرەخنى كۆرىسەن!

— ئەگەر بەش تىللانى كۆمۈپ قويسام ئەتىسى ئەتىگەندە نەچچە تىللا بولار؟ — دەپ سورىدى پىنوككىئو خۇشال بولۇپ كېتىپ.

— بۇنى ھېساپلاش ئوڭاي، — دېدى تۈلكە، — بارمىقىڭ بىلەنمۇ ساناپ چىقىرالايسەن. بىر تىللا بەش يۈز تىللا بولغاندا، بەشنى بەشكە كۆپەيتسەك ئىككى مىڭ بەشيۈز تىللا بولىدۇ.

— پاھ، نېمە دېگەن بەلەن ئىش بۇ! — پىنوككىئو خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتى، — شۇنچىۋالا تىللا بولىدىغان بولسا، بەش يۈز تىللانى سىلەرگە، قالغان ئىككى مىڭ تىللانى دادامغا بېرىمەن.

— سىلەرگە بېرىمەن دەمسەن؟ — دېدى تۈلكە مەنسىتمىگەن بىر قىياپەتتە، — كېرەك ئەمەس، ئەزىزىم، خۇدا كېرەك ئەمەس!



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كېرەك ئەمەس، زادىلا كېرەك ئەمەس! — دەپ تەكرارلىدى مۇشۇك.

— بىز پەقەت باشقىلارنىڭ بېيىشىغا ئۈچۈنلا ياردەمدە بولىمىز ھەم ئۇنىڭغا ئامال تېپىپ بېرىمىز، — دېدى تۈلكە.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى مۇشۇك.

«بۇلار نېمە دېگەن ياخشى كىشىلەر ھە!» دەپ ئويلىدى پىنوككىئو ھازىر دادىسى ۋە سېتىۋالماقچى بولغان چاپان ئېلىپبەلەر ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقىپلا كەتتى.

ئۇ تۈلكە بىلەن مۇشۇككە قاراپ:

— ئۇنداق بولسا بارايلى، سىلەر بىلەن بىللە باراي، — دېدى.

## ئون ئۈچىنچى باپ

ئۇلار ماڭا - ماڭا قىسقۇچ پاقا مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە ئۆلگىدەك ھېرىپ كېتىشتى.

— مۇشۇ يەردە دەم ئالايلى، — دېدى تۈلكە. — ۋاقتىمۇ بىر يەرگە باردى، قوساقتا بىر نەرسە يەپ ياتايلى، يېرىم كېچە بىلەن يەنە ماڭساق، ئەتە ئەتىگەندە غارايىپ ئېتىزغا يېتىپ بارىمىز.

ئۇلار مېھمانخانىنىڭ تاماقخانىسىغا كىرىپ ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى، ھېچقايسىسىنىڭمۇ قورسىقى ئاچقاندەك ئەمەس ئىدى، بىچارە مۇشۇكنىڭ تاۋى يوق بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۇ پەمىدۇر مۇرابباسى سۇركەلگەن بېلىقتىن ئاران ئوتتۇز بەشنى، چوشقا قېرىنىدىن تۆتنىلا يېدى، يەنە تېخى قېرىنىنىڭ تەمى ياخشى بولسۇن ئۈچۈن ئۈچ قېتىم كالا يېغى ۋە



قايماق سۈركەپ يەدى،

تۈلكىنىڭمۇ بىرنەچچە تەخسە يېڭى سەي يېگىسى كەلدى. بىراق، دوختۇر كۆپ نەرسە يېمە دېگەچكە، ئاران بىردانە توشقان گۆشىگە بىرتوخونىڭ پاچىقىنى قوشۇپ يەدى. بۇلارنى يەپ بولغاندىن كېيىن كەچلىك تاماقنى ئاخىرلاشتۇرۇش نىيىتىدە يەنە بىر نەچچە دانە كاككۇك، قىرغاۋۇل، قۇلۇلە ۋە كەپتەر تۇخۇملىرىنى ئەكەلدۈرۈپ يەدى، ھەممىسى پاك - پاكىز يەپ بولغاندىن كېيىن: بۇ تاماقلار كۆڭلۈمگە، تەگدى، ئەمدى ھېچنىمە يېمەيمەن، دېدى.

پىنوككىئو تاماقنى ھەممىدىن ئاز يەدى، بىر پارچە گۆش بىلەن ئازراق بولكا ئالغان بولسىمۇ تەخسىدە شۇ پېتى قالدى، ئۇ غارايىپ ئېتىزنى ئويلاپ ھەممىنى ئۇنتۇغان ئىدى.

ئۇلار تاماقنى يەپ بولدى، تۈلكە مېھمانخانا خوجايىنىنى چاقىرىپ:

— بىزگە ئالى دەرىجىلىك ئىككى ئۆي بېرىڭ، بىرىدە پىنوككىئو ئەپەندىم ياتىدۇ، يەنە بىرىدە مەن دوستۇم بىلەن

www.uyghurkitap.com

ياتىمەن. مېڭىشتىن ئىلگىرى بىز سىزگە خەۋەر قىلىمىز. بىراق، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، يېرىم كېچە بولغاندا بىزنى ئويغىتىپ قويۇڭ، يۈرۈپ كېتىمىز، — دېدى.

— ماقۇل ئەپەندىم، — دېدى خوجايىن ۋە: «مەقسىدىڭىزنى چۈشەندىم» دېگەندەك قىلىپ تۈلكە بىلەن مۈشۈككە مەنىلىك قاراپ قويدى.

پىنوككىئو كارۋاتقا چىقىپلا ئۇخلاپ كەتتى ۋە چۈش كۆردى.



چۈشىدە ئۇ ناھايىتى غوللۇق، زىچ ئۆسكەن دەرەخلىقتە تۇرۇپ-

تىمىش، ھەممىلا دەرەختە ئۈزۈملەر ساڭگىلىشىپ تۇرۇپتىمىش بىر دەمدىن كېيىنلا ئۈزۈملەر تىللاغا ئايلىنىپ، شامالنىڭ كۈچى بىلەن بۇ ئالتۇنلار جىرىڭلاپ تۆكۈلۈپتىمىش. بۇ تىللالارنىڭ جىرىڭلىشى خۇددى: «بىز مەيەدە، بىزنى ئېلىڭ» دەۋاتقاندەك ئاڭلىنارمىش، ئۇ ئالماقچى بولۇپ قولىنى سۇنغاندا ئىشىك قېقىلدى. مېھمانخانا خوجايىنى يېرىم كېچە بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

— مېنىڭ ھەمرالىرىم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتىمۇ؟ — دەپ سورىدى ياغاچ قوچاق.

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز؟ ئۇلار كېتىپ قالغىلى ئىككى سائەت بولۇپ قالدى.

— نىمىشقا ئالدىراپ كېتىپ قېلىشتى؟

— مۈشۈككە بىرسى خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ، دادىسىنىڭ پۇتىغا جاراھەت چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەھۋالى ئېغىرمىش.

— ئۇلار تاماق پۇللىرىنى تۆلىدىمۇ؟

— ئۇلارنى نىمە كۆرۈۋاتىسىز؟ ئۇلار شۇنچە تەربىيە كۆرگەنلەر تۇرۇپمۇ، سىزدەك ئۇلۇغ زاتنى مەنسىتمىگەندەك ئىش قىلاتتىمۇ؟

— دۇرۇس، ئەگەر ئۇنداق قىلىدىغان بولسا مەن بەك خاپا بولاتتىم، — دىدى پىنوككىئو ئالدىراپ - تېنەپ ۋە يەنە سورىدى، — ئۇلار نەدە ئۇچرىشىدىغانلىقىمىز توغرىسىدا بىر نەرسە دېمىدىمۇ؟

— ئەتە تاڭ يورۇغاندا غارايىپ ئېتىزدا ئۇچرىشىمىز دىدى.

پىنوككىئو ئۈچەيلەننىڭ تامىقى ئۈچۈن بىر تىللا تۆلەپ مېڭىپ كەتتى. تالا قاپقاراڭغۇ بولغانلىقتىن، ئۇ يالغۇز تەمتىرەپ ئارانلا ماڭاتتى، ئەتراپتا ھېچقانداق تىۋىش يوق، ھەتتا دەرەخ يوپۇرماقلىرىمۇ شىلدىرلىمايتتى. بىرنەچچە قۇش پىنوك-

كىشىنىڭ بۇرنىغا سۇركىلىپ ئۇچۇپ ئۆتۈۋىدى، ئۇ قورقۇپ كەينىگە داجىپ:

— كىم؟ — دەپ ۋاقىرىۋەتتى. شۇئان پۈتۈن ئەتراپتىن «كىم؟» «كىم؟» دىگەن ئەكس سادا ياڭراپ كەتتى.

ئۇ يەنە كېتىپ بېرىپ بىر دەرەخنىڭ ئۈستىدە كۆكۈش نۇر چېچىپ تۇرغان كىچىك بىر جانىۋارنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ خۇددى ئىچىدە شام يېنىپ تۇرغان ئەينەك شاركقا ئوخشايتتى.



— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى پىنوككىئو.

— مەن گەپ قىلالايدىغان قاراچىكەتكىنىڭ روھى، — بۇ كىچىك جانىۋارنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى گويا باشقا بىر دۇنيادىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلاندى.

— مېنىڭدە نېمە ئىشىڭ بار؟

— ساڭا ئېيتار سۆزۈم، دەرھال ئۆيۈڭگە قايتىپ تۆت تىللانى داداڭغا بەر، ئۇ سېنى ئەمدى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم دەپ ئۆيدە يىغلاپ ئولتۇرىدۇ.

— دادام ئەتە باي بولىدۇ. بۇ تۆت تىللا ئىككى مىڭ

تىللا بولىدۇ.

— ھەي بالا، سەن بىر كېچىدىلا باي بولۇپ كېتىدىغان ئۇنداق سۆزلەرگە ئىشەنمە. ئۇنداق دىڭگوچىلەر يە ساراڭ، يە ئالدامچى، مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ دەرھال ئۆيۈڭگە قايت!

— ياق، ئاۋال ئاشۇ يەرگە بارىمەن!

— كەچ بولۇپ كەتتى.

— مەيلى، چوقۇم بارىمەن.

— كېچە بەك قاراڭغۇ.

— چوقۇم بارىمەن.

— يول خەتەرلىك.

— چوقۇم بارىمەن.

— گەپ ئاڭلىمايدىغان بالىلار، ئاخىرى بىر كۈنى پۇشايمان يەيدۇ.

— يەنە شۇ گەپ! بولدى خوش، قارا چېكەتكە.

— خەير، قاراقچىلارنىڭ قولىدىن سالامەت قېچىپ چىقىپ كېتىشىڭنى تىلەيمەن!

گەپ قىلالايدىغان چېكەتكە شۇ گەپتىن كېيىن غايىپ بولدى. گويا بىرسى يېنىپ تۇرغان چىراقنى ئۆچۈرۈۋەتكەندەك يول تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

## ئون تۆتىنچى باپ

ياغاچ قوچاق يەنە ماڭدى. ئۇ كېتىپ بېرىپ ئويلايتتى: «راستلا بىز بىچارە بالىلارنىڭ كۈنىمىز تەس ئىكەن! ھەممىلا ئادەم بىزنى تىللايدىكەن، تەنبىھ بېرىدىكەن، ئاگاھلاندۇرىدىكەن، ھەممىلا ئادەم خۇددى بىزگە دادىمىزدەك، ئوقۇتقۇچى-

مىزدەكلا قىلىشىپ كېتىدىكەن. ماۋۇ گەپ قىلالايدىغان قارا
چېكەتكىمۇ شۇنداق قىلىپ كەتتى. ئۆزەمنى ئالسام، مەن ھە-
لىقى كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان قارا چېكەتكىگە خوشامەت قىلىپ
ۋاي دەپ كەتمىگۈدىدىم، ئۇ مېنى نۇرغۇن پالاكەتلەرگە ئۇچرايسەن
دەۋاتىدۇ! ھەتتا قاراقچىلارغىمۇ ئۇچرىغىدەكمەن! قاراقچى بار
دىگەن سۆزگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. بەزى ئاتا - ئانىلارنىڭ
كېچىسى تالاغا چىقماڭلار، قاراقچىلار بار دىگىنى، ئۆز بالىلىرىنى
قورقىتىش ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزلەر. ئەگەر مەن ھازىر مېنى
ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ كەلگەن قاراقچىلارغا ئۇچرايدىغان بولسام
ئۇلاردىن قورقمايمەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ: قاراقچى
ئەپەندىلەر، مېنى نېمە قىلماقچىسىلەر؟ مېنى بوزەك قىلىمەن
دەپ ئويلاشما، يوقال، ئىشىڭنى قىلىش! دەيمەن. شۇنىڭدىن
كېيىن بۇ بىچارە قاراقچىلار — ئەنە قېچىشىپ كېتىۋاتىدۇ —
شامالدىنمۇ تېز قاچىدۇ. ئەگەر ئۇلار بەك ئۇستاتلىق قىلىشىپ
قاچمايدىغان بولسا، ئۇلارنى شۇنداق ئېلىشتۇرىمەنكى، مۇشۇنىڭ
بىلەن تۈگەيدۇ ........



پىنوككىئو خىيالىنى تېخى بىر باشقا ئېلىپ چىقمىغان ئىدى.

ئۈشتۈمتۇت ئارقىدا دەرەخ شاخلىرىنىڭ شالدىرلىشى ئاڭلاندى. ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراڭغۇدا كۆمۈر تاغىرىغا ئورۇلىۋالغان ئىككى ئادەمنى كۆردى، — ئۇلار خۇددى ئالۋاستىدەك سەكرىشىپ كېلىۋاتاتتى.

— قاراقچىلار راستلا مۇشۇ يەردىمىدۇ! — دەپ ئويلىدى پىنوككىيو ۋە ئالدىرىغىنىدىن يېنىدىكى تۆت تىللانى نەگە تىقىشتۇرۇۋېشنى بىلمەي قالدى. ئاخىرى تىلىنىڭ ئاستىغا سېلىۋالدى - دە، قاچتى. بىراق. ئۈلگۈرەلمەي قالدى.

هېلىقى ئىككى ئادەم كېلىپلا ئۇنىڭ بىلىگىدىن تۇتتى ۋە بوم ئاۋاز بىلەن:

— تىللانى چىقار، چىقارمايدىكەنسەن جېنىڭنى ئالىمىز! — دېدى.

پىنوككىيو تىللانى ئاغزىغا سېلىۋالغانلىقتىن گەپ قىلالماي، ئۇلارغا توختىماي تازىم قىلاتتى ۋە قولى بىلەن ئىما - ئىشارەت قىلىپ ئۆزىنىڭ كەمبەغەل ياغاچ قوچاق ئىكەنلىكىنى، يېنىدا بىر تىيىنىمۇ يوقلۇقىنى بىلدۈرمەكچى بولاتتى. قاراقچىلار ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي يەنە ۋاقىرىدى:

— ساختىپەزلىك قىلماي، پۇلنى دەرھال چىقار! ياغاچ قوچاق يەنە بېشى ۋە قولى ئارقىلىق «ھېچنەرسەم يوق» دېگەن ئىشارىنى قىلدى.

— پۇلنى چىقار، بولمىسا ئۆلىسەن! — دېدى ئىگىز بويلۇق قاراقچى.

— ئۆلىسەن! — دېدى پاكارراق بىرسى ئۇنىڭ گېپىنى تەكرارلاپ.

— سېنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بىرىپ داداڭنى ئۆلتۈرىمىز!

— بىز تېخى بېرىپ داداڭنى ئۆلتۈرىمىز! — دېدى پاكاسى.

— ياق، ياق! بىچارە دادامنى ئۆلتۈرمەڭلا! — پىنوككىيو ئىختىيارسىز ۋاقىراپ تاشلىۋىدى، ئاغزىدىكى تىللا جىرىڭلاپ كەتتى.

— ھە ... ... يالغانچى! تىللانى ئاغزىڭغا سېلىۋاپسەن-دە! ئاغزىڭدىن چىقار!

بىچارە پىنوككىيو زۇۋان سۈرمىدى.

— پاھ، يالغاندىن گاس بولۇۋېلىۋاتامسەن؟ ھېلى بىڭ-سىمىزنى كۆرسەن بىكار، تىللانى تاپشۇرماي قۇتۇلالمايسەن!

ئۇلار ھەدەپ ياغاچ قوچاقنى سىلكىشلىگىلى تۇردى. شۇ ئارىدا پىنوككىيو ئۇلارنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ يولنىڭ ياقىسىدىكى چىتلاقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ، ئېتىزلىق بىلەن قاچتى. ئىككى قاراقچى خۇددى توشقاننى قوغلاپ كېتىۋاتقان ئىتتەك پىنوككىيونى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.



پىنوككىئو ئۇ‍ون بەش چاقىرىم يەرگىچە قېچىپ، زادىلا بولالمىدى. يەنە داۋاملىق قېچىشقا كۆزى يەتمەي ئاخىرى، بىرتۈپ قېرى قارىغايغا يامىشىپ چىقىۋېلىپ، شاخنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالدى. ئىككى قاراقچىمۇ دەرەخقە يامىشىپ باقتى، بىراق، چىقالماي سىيرىلىپ كېتىپ يەرگە يىقىلدى ۋە پۇت - قوللىرى سۇرۇلۇپ قاناپ كەتتى.

قاراقچىلار بولدى قىلمىدى. ئۇلار نۇرغۇن شاخ - شۇمبىلارنى تېرىپ كېلىپ، دەرەخنىڭ ئاستىغا دۆۋىلىدى - دە، ئوت يېقىۋەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوت لاۋۇلداپ قارىغايغا تۇتاشتى. پىنوككىئو بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن كۆيۈپ ئۆلگىسى كەلمىدى - دە، دەرەختىن سەكرەپ چۈشۈپ قاچتى. ئىككى قاراقچى ئىز بېسىپ يەنە قوغلىدى.

بۇ چاغدا ئاستا - ئاستا تاڭمۇ يورۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار كەڭ بىر ئۆستەڭگە كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئەمدى قانداق قىلار؟ پىنوككىئو «بىر، ئىككى، ئۈچ» دەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن بىرلا سەكرىدى، قىرغاققا ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋالدى. ئىككى قاراقچىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن سەكرىگەن ئىدى. «پولتوڭ» قىلىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى. پىنوككىئو ئۇلارنىڭ سۇغا چۈشۈپ گەتكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— قاراقچى ئەپەندىلەر، ئوبدان يۇيۇنۇۋېلىڭلار! — دەپ ۋاقىراپ قويۇپ يەنە قاچتى، ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ: ئۇلار جەزمەن سۇدا ئۆلىدۇ، دەپ ئويلاپ كەينىگە شۇنداق قارىدى. ئۇلارنىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەكلا قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۈستى - ۋاشلىرىدىن چېپىلداپ سۇ ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئون بەشىنچى باپ

ياغاچ قوچاق بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن بوشىشىپلا كەتتى ۋە يىقىلىپ چۈشۈپ تۇتۇلۇپ قالغىلى قىل قالدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ، قاپ ـ قاراڭغۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدە قاردەك ئاپپاق بىر ئۆينىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، «بىر ئامال قىلىپ ئاشۇ ئۆيگىلا بېرىۋالسام، قۇتۇلۇپ قېلىشىم مۇمكىن» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، جېنىنىڭ بېرىچە شۇ ياققا قاراپ يۈگۈردى. ئىككى قاراقچى تېخىچىلا كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.

شۇ تەرىقىدە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ئىككى سائەت يۈگۈرگەندىن كېيىن ئاخىرى ھىلىقى ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ، ھاسىراپ تۇرۇپ ئىشىكنى قېقىشقا باشلىدى. ئۆيدىن ئاۋاز چىقمىدى. ئۇ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ۋە ھاسىراپ ھۆمىدەشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشىكنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۆينىڭ ئىچىدىن يەنىلا ئاۋاز چىقمىدى.

قارىغاندا، ئىشىكنى مۇنداق قېقىش بىلەن ئىش پۈتمەيدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ ئىشىكنى جېنىنىڭ بېرىچە ئۇرۇشقا ۋە تېپىشكە باشلىدى.

بىردىن دەرىزىدە ھاۋارەڭ چاچلىق گۈزەل بىر پەرىزات پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ ئىككى قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى، ئۇ پىنوككىئونى كۆرۈپ:

— ئۆيدە ئادەم يوق، ھەممىسى چىقىپ كەتتى، — دېدى.

پىنوككىئو يىغلاپ تۇرۇپ:

— نېمە بولسىمۇ ئىشىكنى ئېچىپ بەرسىڭىز، ئېچىپ

بەرسىڭىز قانداق؟ — دېدى.

— ئىشىك ئېتىق، مەنمۇ چىقىپ كېتەلمەيۋاتىمەن، — پەرىزات شۇنداق دېدى -دە، كۆزدىن غايىپ بولدى ۋە دەرىزىنىمۇ ئاستالا يېپىلدى.

— ھەي ھاۋارەڭ چاچلىق چىرايلىق پەرىزات، خوش بولاي، ئىشىكىڭىزنى ئېتىك ئېچىپ بېرىڭ! — دەپ ۋاقىرايتتى بىچارە پىنوككىئو، — مەن بىچارىنى قاراقچىلاردىن قۇتقۇزۇپ قېلىڭ...

بىراق، ئۇ گېپىنىمۇ قىلىپ بولالمىدى، بىرسى كېلىپ كانىيىدىن ئالدى ۋە ھېلىقى ئىككى بوزوقنىڭ:

— ئەمدى ھېچيەرگە قاچالمايسەن! — دەۋاتقانلىقى ئاڭلاندى



ياغاچ قوچاق ئۇزىنىڭ ساق قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ دىر - دىر تىترەيتتى، تىترىگەنسېرى ئاغزىدىكى تىللالارمۇ جىرىڭلايتتى.

— ئەمدىغۇ ئاغزىڭنى ئاچارسەن؟ ئاچمامسەن - يە؟

گەپ قىل! ماقۇل، ئۇنداق بولسا بىز ئاچقۇزايلى! — دېدى قاراقچىلار ۋە ئۇستۇرىدەك ئىتتىك پىچاقلىرىنى چىقاردى — دە، ياغاچ قوچاقنىڭ دۈمبىسىگە سالدى.

ياغاچ قوچاق قاتتىق ياغاچتىن ياسالغاچقا، ئۇلارنىڭ پىچاقلىرى سۇنۇپ كەتتى. قاراقچىلارنىڭ قولىدا پەقەت پىچاقنىڭ سېپىلا قالدى. ئىككىسى بىر بىرىگە قارىشىپ قالدى.

— ئەمدى تاپتىم، — دېدى قاراقچىلاردىن بىرى، — بۇنى دەرەخكە ئېسىش كېرەك، قېنى مەن ئاساي.

— مەن ئاساي، — دېدى ئىككىنچىسى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دەرھال ياغاچ قوچاقنىڭ ئىككى قولىنى چەمبەرچەس باغلاپ كاۋچۇك دەرىخىنىڭ شېخىغا ئاستى. ئۆزلىرى بىر چەتتە ياغاچ قوچاقنىڭ ئۆلۈشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.



ئۈچ سائەت ئۆتتى. لېكىن ياغاچ قوچاقنىڭ بىر جۈپ كۆزى يەنىلا ئوچۇق، ئاغزى يەنىلا چىڭ يۇمۇلغان. ئىككى پۇتى يەنىلا راۋۇرۇس تۇراتتى.

ساقلاۋېرىپ قاراقچىلار زېرىكتى. ئاخىرى پىنوككىئوغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ:

— خەير، ئەتە كۆرۈشەيلى! ئەتە بىز بۇ يەرگە كەلگىچە ئۆز ھۆرمىتىڭ بىلەن ئۆلۈپ، ئاغزىڭنى يوغان ئېچىپ تۇرارسەن، — دېيىشىپ قايتىپ كېتىشتى.

بوران چىقىشقا باشلىدى. پىنوككىئو بولسا خۇددى ئېسىپ قويغان يوغان قوڭغۇراقتەك ئىككى تەرەپكە پۇلاڭلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ، لېكىن بىرەر كىشىنىڭ كېلىپ قۇتقۇزۇپ قويۇشىنى ئارزۇ قىلمىغان ۋاقتى بولمىدى. ئاخىرى ھېچقانداق ئادەم كېلىپ ئۇنى قۇتقۇزمىغاندىن كېيىن، «ئاھ، جېنىم دادا، ھازىر سەن مۇشۇ يەردە بولغان بولساڭ نىمە دېگەن ئوبدان بولاتتى!» دەپ، بىچارە دادىسىنى ئەسلىدى. ئۇ ئەمدى بارا - بارا نەپەسى توختاپ، گەپ قىلالماس بولۇپ قالدى.

## ئون ئالتىنچى باپ

كاۋچۇك دەرىخىگە ئېسىقلىق بىچارە پىنوككىئو ئۆلۈشكە ئاز قالغاندا، ھاۋارەڭ چاچلىق گۈزەل پەرىزات يەنە دەرىزىدە پەيدا بولدى، ئۇ پىنوككىئونىڭ پۇلاڭلاپ ئېسىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى - دە، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالقىنىغا ئۈچنى ئۇرۇۋىدى، بىردەمدىن كېيىنلا يوغان بىر سار ئۇچۇپ كېلىپ دەرىزىگە قوندى.

— سۆيۈملۈك پەرىزات، نىمە بۇيرۇغىڭىز بار ؟ — دېدى سار ۋە ئەدەپ بىلەن بېشىنى ئېگىپ پەرىزاتقا سالام بەردى.

ھاۋارەڭ چاچلىق پەرىزاتنىڭ مۇشۇ ئورمانلىقتا ياشاۋاتقىنىغا مىڭ يىلدىن ئاشقان ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىدى.

— ئاۋۇ كاۋچۇك دەرىخىدە ئېسىقلىق تۇرغان ياغاچ قوچاقنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دەرھال بېرىپ، ئۆتكۈر تۇمشۇغۇڭ بىلەن ئاغامچىنى يېشىۋەتكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاۋايلاپ يەرگە چۈشۈرۈپ قوي.

سار ئۇچۇپ كەتتى. ئىككى مىنۇتتىن كېيىن كېلىپ:

— تاپشۇرۇغىڭىزنى بىجىرىپ بولدۇم، — دېدى.

— قانداقكەن، تىرىكمۇ، ئۆلۈكمۇ؟

— ئۆلگەندەك تۇرىدۇ، بىراق تېخى جېنى چىقىپ بولماپتۇ. مەن ئۇنى يېشىپ ئاۋايلاپ يەرگە قويۇشۇم بىلەنلا نەپەس ئېلىپ: «ئەمدى سەل-پەل ياخشى بولۇپ قالدىم» دېگەن سۆزنى قىلدى.

پەرىزات يەنە ئالقىنىغا ئىككى قېتىم ئۇردى. ئارقىدىنلا خۇددى ئادەمدەك ئۆرە مېڭىپ بىر ئوۋ ئىتى يېتىپ كەلدى.



ئۇ، ئۇستىگە خىزمەتچىلەر كىيىمى، بېشىغا ئالتۇن جىيەكلىك شەپكە كىيگەن بولۇپ، ئاپپاق بۇدۇر-بۇدۇر يالغان چاچلىرى گەدىنىگە چۈشۈپ تۇراتتى. قوڭۇر رەڭلىك چاپىنىنىڭ ئالماس تۈگمىلىرى ۋە گۆش، ئۇستىخانلارنى سېلىۋالىدىغان ئىككى يانچۇقى بار ئىدى. پۇتىغا قىسقا قونجىلىق قىپ-قىزىل يېپەك ئۆتۈك كىيگەن، دۈمبىسىگە يامغۇر ياققان كۈنلىرى قۇيرۇغىنى سېلىۋالىدىغان كۈنلۈككە ئوخشاش بىر خالتىنى ئېسىۋالغان ئىدى.

— باتۇر پىتو، — دېدى پەرىزات ئوۋ ئىتىغا، — سەن دەرھال ئاتخانامغا بېرىپ، ئەڭ چىرايلىق ھارۋىدىن بىرىنى قوشقىن-دە، ئۇدۇل ئورمانلىققا بار. كاۋچۇك دەرىخىنىڭ يېنىغا بارساڭ چالا ئۆلۈك ياتقان بىچارە ياغاچ قونچاقنى كۆرىسەن. شۇنى ئاۋايلاپ ئېلىپ كەلگىن چۈشەندىڭمۇ؟

ئوۋ ئىتى چۈشەنگەنلىگىنى بىلدۈرۈپ، قۇيرۇغىنىڭ ئۇستىدىكى خالتىنى ئۈچ - تۆت قېتىم ئوينىتىپ قويدى - دە، ئۇچقاندەك چاپتى. بىردەمدىن كېيىن ئاتخانىدىن ۋال - ۋۇل چاقناپ تۇرغان چىرايلىق بىر ھارۋىنى ئېلىپ چىقتى. زەر يىپ ۋە قۇشنىڭ پەيلىرى بىلەن بېزەلگەن، ساغۇچ رەختتىن يوپۇق يېپىلغان بۇ ھارۋىغا يۈز جۈپ ئاق چاشقان قوشۇلغان ئىدى. ئوۋ ئىتى ھارۋىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ھارۋا سەللا ئاستىلاپ قالسا، ئۇ خۇددى ھارۋىكەشلەردەك قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ قوياتتى.

ئون بەش مىنۇتتا قالماي ھارۋا ئورمانلىققا بېرىپ كەلدى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان پەرىزات ياغاچ قوچاقنى كۆتىرىپ ئېلىپ، ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان سىم كارۋاتقا ياتقۇزدى ۋە دەرھال ئۈچ دوختۇرنى چاقىرىپ كېلىشكە چاپارمەن ئەۋەتتى. ئانچە ئۆتمەيلا ئۈچ نەپەر دوختۇر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كىرىپ كېلىشتى. بۇ ئۈچ دوختۇرنىڭ بىرى قاغا، بىرى مۈشۈكياپىلاق، يەنە بىرى گەپ قىلالايدىغان قارا چېكەتكە ئىدى.



— ئەپەندىلەر، سىلەرنىڭ پىكىرىڭلارنى ئالماقچىمەن، — دېدى پەرىزات پىنوككىئونىڭ كارۋىتىنى چۆرىدەپ تۇرۇشقان دوختۇرلارغا قاراپ، بۇشور پېشانە ياغاچ قوچاق ئۆلۈكمۇ ياكى تىرىكمۇ، شۇنى بىلمەكچىمەن.



بۇ گەپتىن كېيىن قاغا كېلىپ پىنوككىئونىڭ تومۇرىنى تۇتتى ۋە بۇرنىنى، تاپانلىرىنى تۇتۇپ باققاندىن كېيىن ئۆز پىكرىنى ئېيتتى:

— مېنىڭچە، ياغاچ قوچاق ئۆلگەن، لېكىن بىرەر بەختسىزلىككە دۇچ كېلىپ ئۆلۈشكە تېگىشلىك بولمىسا، ئۇنى تىرىك دېيىشكە بولىدۇ.

— ئۇنداقتا مەن ھەرقايسىڭلاردىن كەچۈرۈم سورايمەن، — دېدى مۇشۇكياپىلاق، — مېنىڭ پىكرىم دەل ئالىجاناپ دوستۇم ۋە كەسپداشىم قاغىنىڭ پىكرىنىڭ ئەكسىچە. مېنىڭچە ياغاچ قوچاق تېخى تىرىك، لېكىن ئۇ بىرەر بەختسىزلىككە دۇچ كېلىپ ھايات قېلىشقا تېگىشلىك بولمىسا، دېمەك ئۇنى ئۆلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

— سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى پەرىزات گەپ قىلالايدىغان چېكەتكىگە قاراپ.

— مېنىڭ پىكرىم، سەممىي دوختۇر نېمە دېيىشنى بىلمەيۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئالدىراپ سۆزلىمەيدۇ. ئۇنىڭ

ئۈستىگە بۇ ياغاچ قوچاق ماڭا تونۇش، ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن ئاز - تولا خەۋىرىم بار.

باياتىن بېرى جانسىز ياغاچتەك كارۋاتتا مىدىر-سىدىر قىلماي ياتقان پىنوككىئو بىردىنلا غالىلداپ تىترەشكە باشلىدى، ھەتتا كارۋاتمۇ لىڭشىپ كەتتى.

— بۇ ياغاچ قوچاق، — دېدى گەپ قىلالايدىغان قارا چېكەتكە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — قىلچە كارغا كەلمەيدىغان بىر نەمە.

پىنوككىئو كۆزىنى ئېچىپ مۆللىدە قاراپ قويۇپ، شۇ ھامان يەنە يۇمۇۋالدى.

— بۇ بىر مۇتىھەم، كۆكبەرە، لۈكچەك!

پىنوككىئو بېشىنى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى.

— بۇ ياغاچ قوچاق گەپ ئاڭلىمايدىغان ئەسكى شۇم. بىچارە دادىسى مۇشۇنىڭ دەستىدىن ئۆلۈپ كەتتى.

ئۇشتۇمتۇت ئۆينىڭ ئىچىدىن يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار يوتقاننى قايرىپ پىنوككىئونىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ھەيران قېلىشتى.

— ئۆلۈپ بولۇپ يەنە يىغلاۋاتىدۇ، دېمەك ئۇ ئۆلۈپ تىرىلگەن، — دېدى قاغا.

— مەن ئۇنىڭغا بەك ئېچىنىمەن، مېنىڭ پىكرىمچە بۇ ئالىجاناپ دوستۇم ۋە كەسىپدىشىمنىڭ پىكرىگە ئوخشىمايدۇ، — دېدى مۈشۈكياپىلاق، — مېنىڭ قارىشىمچە، ئۆلۈكنىڭ يىغلىشى ئۇنىڭ ئۆلگىنى كەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئون يەتتىنچى باپ

دوختۇرلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن پەرىزات پىنوككىئونىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئىسسىت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىسىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىگىنى بىلدى. بۇ ئۇيۇنىشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

ئۇ بىر ئىستاكانغا ئۇندەك ئاق دورىنى سېلىپ، ئۇستىگە قايناقسۇ قۇيغاندىن كېيىن ئېلىپ كەلدى — دە، مۇلايىملىق بىلەن:

— ماۋۇ دورىنى ئىچكىن، بىر نەچچە كۈنگىچە قالمايلا ساقىيىپ كېتىسەن، — دېدى.



پىنوككىيو ئىستاكانغا قاراپ قويۇپ، قوشۇمىسىنى تۈردى-دە، ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

— تاتلىقمۇ - ئاچچىقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئاچچىق بولغان بىلەن ئىچكەندىن كېيىن ساقىيىسەن.

— ئاچچىق بولسا ئىچمەيمەن.

— گېپىمگە كىرىپ ئىچكىن.

— مېنىڭ ئاچچىق نەرسە بىلەن خوشۇم يوق.

— بۇنى ئىچىۋەتكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن ساڭا بىر چاقماق قەن بېرىمەن، ئاغزىڭ يەنە تاتلىق بولىدۇ.

— قەن قېنى؟

— مانا، — دېدى پەرىزات قەننى كۆرسىتىپ.

— ئۇنداق بولسا ئاۋال قەننى بېرىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن دورىنى ئىچەي.

— گېپىڭدە تۇرامسەن؟

— تۇرىمەن.

پەرىزات قەننى بەردى. پىنوككىئو قەننى ئاغزىغا كاپلا قىلىپ سالدى ۋە لەۋلىرىنى يالاپ تۇرۇپ:

— ئەجەپ تاتلىقكىنا! ئەگەر قەن دورا بولۇپ قالغان بولسا، مەن ئەتىگەندىن كەچكىچە دورا يەۋېرەتتىم، — دىدى.

— ئەمدى گېپىڭدە تۇرۇپ، ماۋۇ دورىنى ئىچىۋەتكىن، ساقىيىسەن.

پىنوككىئو ئىلاجىسىز ئىستاكاننى قولىغا ئالدى ۋە پۈراپ باقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن لېۋىگە تەككۈزۈپ بېقىپ، يەنە بۇرنىغا يېقىن ئېلىپ كەلدى — دە:

— بۇ بەك ئاچچىق نەرسە ئىكەن! بەك ئاچچىقكەنغۇ! ئىچمەيمەن، — دىدى.

— تېتىپ باقماي تۇرۇپ ئاچچىق ئىكەنلىگىنى قانداق بىلىسەن؟

— مەن بىلىمەن. پۈراپ باقتىم. يەنە بىر چاقماق قەن بولغان بولسا ئىچىۋېتەتتىم.

پەرىزات خۇددى مېھرىۋان ئانىدەك يەنە بىر چاقماق قەننى ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ، ئىستاكاننى بەردى.

— ئىچمەيمەن، — دەپ غىلجىڭلىدى ياغاچ قوچاق.

— نېمىشقا ئىچمەيسەن؟

— ياستۇق پۇتۇمنى بېسىپ كېتىۋاتىدۇ.

پەرىزات ياستۇقنى ئېلىۋەتتى.

— بۇنى ئىچكەننىڭ نېمە پايدىسى، مەن ئىچمەيمەن.

— ھە، نېمە دېمەكچىسەن؟

— ئاۋۇ ئىشىك ئېچىلىپ قاپتۇ.

پەرىزات بىرىپ ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

— راست گەپنى قىلسام، — دېدى پىنوككىئو بىردىنلا يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن مۇنداق ئاچچىق بىر نەرسىنى ئىچمەيمەن! زادى، زادى ئىچمەيمەن!

— ھەي بالا، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن!

— مەيلى.

— كېسىلىڭ خەتەرلىك.

— مەيلى.

— يەنە بىر نەچچە سائەت مۇشۇنداق قىزىيدىغان بولساڭ، ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىسەن.

— مەيلى.

— ئۆلۈمدىن قورقماسەن؟

— ياق، قورقمايمەن، ئاچچىق دورىنى ئىچكەندىن ئۆلگەن ياخشىراق.

دەل شۇ پەيتتە ئىشىك ئېچىلىپ، قاپ-قارا تۆت توشقان بىر تاۋۇتنى كۆتىرىپ كىرىپ كېلىشتى.



— نېمە دەپ كەلدىڭلار؟ — قورقۇپ كەتكەن پىنوككىئو كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ۋاقىرىدى.

— بىز سېنى كۆتىرىپ ئەپچىقىپ كەتكىلى كەلدۇق، — دېدى توشقانلارنىڭ چوڭى.

— مېنى ئەپچىقىپ كېتەمسىلەر؟ مەن تېخى تىرىك تۇرسام!

— ياق، ھازىر سەن تېخى تىرىك، بىراق كېسىلىڭنى ساقايتىدىغان دورىنى ئىچمىدىڭ ئەمەسمۇ؟ بىردەمدىن كېيىن ئۆلىسەن.

— ئاھ، جېنىم پەرىزات! ئاھ، جېنىم پەرىزات! — دەپ ۋاقىراپ كەتتى ياغاچ قوچاق، — دورىنى ئەكېلىپ بېرىڭ. ئاۋۇلار چىقىپ كەتسۇن. مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن.

ئۇ ئىستاكاننى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، دورىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى.

— ۋاي - ۋوي! — دېدى بىر توشقان، — بىز بىكار ئاۋارە بولۇپ كەتتۇق - تە! — ئۇلار تاۋۇتنى كۆتەرگەندىن كېيىن ئاغزىنى چىكىلدىتىپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى.

شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا پىنوككىئو ساقىيىپ كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى. سىلەرمۇ بىلىدىغانسىلەر، ياغاچتىن ياسالغان ئادەملەر ئوڭايلىقچە ئاغرىمايدۇ، لېكىن ئاغرىيدىكەن، ساقىيىشمۇ ناھايىتى تېز بولىدۇ.

پىنوككىئونىڭ گويا تۇخۇمنىڭ ئىچىدىن ھازىرلا چىققان تېتىك چۈجىدەك ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن پەرىزات:

— سېنى ساقايتقان مېنىڭ دورام ئەمەسمىكەن؟ — دېدى.

— شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق! سىز مېنى ئۇ دۇنيادىن قايتۇرۇپ كەلدىڭىز.

— ئۇنداق بولسا بايا نېمىشقا دورىنى ئىچكىلى ئۇنىمايسەن؟

— بالىلار ھەممىمىز شۇنداق. بىز كېسەل بولۇپ قېلىش-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىن قورقمايمىز، دورا ئىچىشتىن قورقىمىز.

— نومۇس قىلماي دەۋاتقىنىنى قارا! پايدىلىق دورىنى ئىچكەندە خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغىلى ھەتتا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولىدۇ، بۇنى باللار ئەلۋەتتە بىلىشى كېرەك!

— ئەمدى مەن ھەرگىز كەپسىزلىك قىلمايمەن. تۆت قارا توشقان تاۋۇتنى كۆتىرىپ كىرگەندە، دورىنى دەرھال ئىچىۋەتكىنىمنى زادى ئۇنتۇمايمەن.

— ئەمدى سەن ئىككى قاراقچىغا قانداق يولۇقۇپ قالغانلىقىڭنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىن.

— ۋەقە مۇنداق بولدى: قوچاق تىياتىرخانىسىنىڭ مۇدىرى ماڭا بەش تىللا بېرىپ «بىچارە داداڭغا ئاپىرىپ بەر» دېگەن ئىدى. مەن كېتىۋېتىپ تۈزۈككىنە ئىككى ئادەمگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇلارنىڭ بىرى تۈلكە، بىرى مۈشۈك ئىدى، ئۇلار ماڭا «بەش تىللايىڭنى ئىككى مىڭ تىللا قىلىشنى خالامسەن؟ ئەگەر خالىساڭ بىز سېنى غارايىپ ئېتىزغا باشلاپ بارايلى» دېدى. مەن: « ماقۇل، بىللە بارايلى » دېدىم. ئۇلار: «قىسقۇچ پاقا مېھمانخانىسىدا دەم ئېلىۋېلىپ، يېرىم كېچىدە يەنە ماڭايلى» دېدى. مەن ئويغانسام ئۇلار كېتىپ قاپتۇ. ئۆزەم يالغۇز قاراڭغۇدا كېتىپ بارسام، قارا تاغارغا ئورىنىۋالغان ئىككى قاراقچى ئۇچراپ قالدى، ئۇلار: «تىللانى چىقار» دېدى. مەن تىللانى دەرھال ئاغزىمغا سېلىۋېلىپ: «يوق» دېدىم. قاراقچىلارنىڭ بىرى ئاغزىمنى ئاچماقچى بولىۋىدى، جېنىمنىڭ بېرىچە قاچتىم. ئېتىزلاردىن ئېچىپ ئۆتۈپ، بىر دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم. ئۇلار دەرەخنىڭ ئاستىغا ئوت قويدى. ئامالسىز يەنە قاچتىم. قاراقچىلار قوغلاپ يۈرۈپ ئاخىرى تۇتۇۋالدى — دە، مېنى دەرەخكە ئېسىپ قويدى ۋە:

«خەير، ئەتە كۆرۈشەيلى، ئەتىگىچە ئۆلسەڭ، ئاغزىڭدىكى پۇلنى ئالىمىز» دەپ كېتىشتى.

— قالغان تۆت تىللا قېنى؟ — دېدى پەرىزات.

— يۈتۈپ كەتتى، — دېدى پىنوككىئو يالغان گەپ قىلىپ. ئۇنىڭ پۇلى يۈتمىگەن، يانچۇقىدا ئىدى.

ئۇ يالغان گەپ قىلغانلىقتىن ئەسلىدىكى ئۇزۇن بۇرنى يەنە ئىككى غېرىچ ئۇزىراپ كەتتى.

— نەدە يۈتتۈردۈڭ؟

— ئورمانلىقتا.

ئۇ ئىككىنچى قېتىم يالغان گەپ قىلىپ بۇرنى يەنە ئۇزاردى.



— ئەگەر ئورمانلىقتا يۈتتۈرگەن بولساڭ، ئىككىمىز بىللە بېرىپ ئىزلەيلى، چەزمەن تاپقىلى بولىدۇ. چۈنكى، مېنىڭ بۇ ئورمانلىقىمدا ھەر قانداق نەرسە يوقالمايدۇ.

— ھە ...... ئەمدى يادىمغا كەلدى، دورا ئىچكەندە تىللانىمۇ قوشۇپ يۇتۇۋېتىپتىمەن.

ئۈچىنچى قېتىم يالغان گەپ قىلغاندىن كېيىن بىچارە پىنوككىئونىڭ بۇرنى شۇنچىلىك ئۇزىراپ كەتتىكى، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئايلىنالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەگەر ئوڭ تەرەپكە ئايلىنىدىغان بولسا، بۇرنى كارۋات بىلەن دەرىزىگە تاقىشىپ قالاتتى، ئەگەر سول تەرەپكە ئايلانسا تامغا ۋە ئىشىككە تاقىشاتتى. بېشىنى كۆتىرىپ ئۈستىگە قارايدىغان بولسا، ئالدىدا تۇرغان پە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىزاتنىڭ بىر كۆزىنى ناكا قىلىش خەۋپى بار ئىدى.

پەرىزات ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى.

— نېمە دەپ كۈلىسىز؟ — ياغاچ قوچاق سورىدى. ئۇنىڭ غەلىتە ئۇزۇن بۇرنى ئاجايىپ سەتلىشىپ كەتكەن ئىدى.

— مەن سىزنىڭ ئەخمەقانە يالغان سۆزۈڭگە كۈلۈۋاتىمەن.

— مېنىڭ يالغان گەپ قىلىۋاتقانلىغىمنى قانداق بىلىسىز؟

— ھەي بالا، يالغان گەپنى ناھايىتى ئوڭاي بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئىككى خىل بەلگىسى بار: بىرسى، يالغان سۆزلىگەندە ئادەم توكور بولۇپ قالىدۇ، يەنە بىرسى، يالغان سۆزلىگەندە ئادەمنىڭ بۇرنى ئۇزىراپ كېتىدۇ. سەن بۇرنى ئۇزىراپ كېتىدىغانلاردىن ئىكەنسەن.

پىنوككىئو بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ شەرمەندە بولغانلىغىنى نېمە دەپ يوشۇرۇشنى بىلمەي، ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق، ئەمەلگە ئاشمىدى. چۈنكى ئۇ شۇنچە ئۇزۇن بۇرنى بىلەن ئىشىكتىن قانداق چىقىپ كېتەلىسۇن؟

## ئون سەككىزىنچى باپ



ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ پەرىزات ئۇنى بىر ھازا يىغلاتتى. ئۇنىڭ بۇرنى ئۇزىراپ كەتكەنلىكتىن ئۆيدىن تالاغا چىقالمايتتى، پەرىزات ئۇنىڭ يامان ئىش قىلغانلىغىنى بىلسۇن، ساۋاق ئالسۇن دەپ

ئويلايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىنتايىن سەت تۇرقىنى، يىغلاۋېرىپ ئىككى كۆزىنىڭ ئىششىپ كېتەي دەپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، پەرىزات ئاستا بېشىنى كۆتىرىپ ئالقىنىغا بىر نەچچە-نى ئۇرۇۋۋىدى، شۇ ھامان نەچچە مىڭ تۈمۈر تۇمشۇق ئۆيگە ئۇچۇپ كىرىپ پىنوككىئونىڭ بۇرنى ئۈستىگە قوندى ۋە بۇرنىنى چوقۇلاشقا باشلىدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئاخىرى ئۇنىڭ بۇرنى قىسقىرىپ ئەسلىگە كەلدى.

— پەرىزات، سىز نېمە دېگەن ئوبدان! مەن سىزگە بەك-مۇ ئامراق بولۇپ قالدىم! — دېدى ياغاچ قوچاق يېشىنى سۈر-تۈپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ ساڭا ئامراق بولۇپ قالدىم، — دېدى پەرى-زات، — ئەگەر مەن بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىساڭ سېنى ئۇكا قىلىۋالىمەن. مەن سېنىڭ ھەدەڭ بولىمەن.

— مەن مۇشۇ يەردە تۇرۇشنى خالايمەن. بىراق بىچارە دادامنى قانداق قىلىمەن؟

— مەن ئۇنى ئويلىغان. شۇڭا ئاللىقاچان داداڭغا خەۋەر قىلدىم.. بۈگۈن ئاخشام مەشەگە يېتىپ كېلىدۇ.

— راستىمۇ؟ — دەپ ۋاقىراپ كەتتى پىنوككىئو خۇشال بولغىنىدىن سەكرەپ، — ئۇنداق بولسا، ماڭا رۇخسەت قىلىسى-ڭىز، بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرماي، ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالسام. ئۇ مېنى دەپ جىق جاپا چەكتى.

— ماقۇل، ئالدىغا چىق بىراق، ئېزىپ قالما. ئورمانلىق-نىڭ ئىچى بىلەن ماڭغىن، داداڭ بىلەن جەزمەن ئۇچرىشالايسەن.

پىنوككىئو چىقىپ كەتتى. ئۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە خۇددى كىيىكتەك سەكرەپ كېتىۋاتاتتى، ھېلىقى كاۋچۇك دەرىخىنىڭ يېنىغا كەل-گەندە كىمنىڭدۇ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. ئىككىيلەن كېلىۋاتاتتى. بىلىۋاتامسىلەر، بۇلار كىم؟ بۇلار دەل ھېلىقى

www.uyghurkitap.com

قىسقۇچ پاقا مېھمانخانىسىدا بىللە تاماق يېگەن ھەمرالىرى تۈلكە بىلەن مۈشۈك ئىدى.



— دوستىمىز پىنوككىئوغۇ - بۇ! — دېدى تۈلكە ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشتى، — بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ؟

— سەن بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭ؟ — تەكرارلىدى مۈشۈك.

— بۇ ھەقتە گەپ قىلىدىغان بولسام گەپ تولا، — دېدى ياغاچ قوچاق، — مەن بىكار بولۇپ سۆزلەپ بېرەي، سىلەرمۇ بىلىسىلەر، ئاشۇ كۈنى سىلەر كېتىپ مېھمانخانىدا ئۆزەم يالغۇز قاپتىمەن. يولدا كېلىۋېتىپ ئىككى قاراقچىغا ئۇچراپ قالدىم.

— قاراقچىغا؟ ئاھ، بىچارە دوستۇم! ھە، ئۇنىڭدىن كېيىن نىمە بولدى؟

— ئۇلار پۇلۇمنى بۇلىۋالماقچى بولدى.

— ھۇ، شەرمەندىلەر! — دەپ كايىدى تۈلكە يالغاندىن.

— تازا شەرمەندىلەر ئىكەن - ھە! — قوشۇمچە قىلدى مۇشۇك.

— بىراق، مەن قاچتىم، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ياغاچ قوچاق. — ئۇلار كەينىمدىن قوغلاۋەردى. ئاخىرى تۇتۇلۇپ قالدىم، ئۇلار مېنى يوغان بىر كاۋچۇك دەرىخىگە ئېسىپ قويدى، — پىنوككىئو ئۇلارغا يېقىنلا يەردىكى كاۋچۇك دەرىخىنى كۆرسەتتى.

— قاراڭلار، بۇنىڭدىنمۇ ئەسكى ئىش بارمۇ؟ — دىدى تۈلكە، — بىز قانداق دۇنيادا ياشاۋاتىمىز! ئەمدى سەن بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— دادامنى كۈتىۋاتىمەن، ھىلى كەلمەكچى.

— ھىلىقى پىرلۇگچۇ؟

— قىسقۇچ پاقا مېھمانخانىسىدا بىر تىللا كەتتى، قالغىنى بار.

— ئويلىغىنا، بۇ تۆت تىللايىڭ ئەتىلا ئىككى مىڭ تىللا بولاتتى! نىمىشقا بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرىپ تۆت تىللايىڭنى غارايىپ ئېتىزغا تېرىمايسەن؟

— بۈگۈن بولمايدۇ. يەنە بىر قېتىمدا بارارمەن.

— كېچىكىپ قالىسەن، — دىدى تۈلكە.

— نىمىشقا؟

— ئۇ ئېتىزنى ئەتىلا بىر باي سېتىۋالىدۇ. ئەتىدىن قالسا ھىچكىممۇ ئۇ يەرگە بېرىپ ئالتۇن تېرىيالمايدۇ.

— ئۇ يەرنىڭ ئارىلىغى قانچىلىك كېلىدۇ؟

— ئىككى پوتەي كەلمەيدۇ. بىز بىلەن بىللە بارامسەن؟ يېرىم سائەتتە يېتىپ بارىمىز. بېرىپلا تىللايىڭنى تېرىيسەن، بىردەمدىن كېيىن نەچچە تاغار تىللانى ئېلىپ ئۆيۈڭگە كېتىسەن.

www.uyghurkitap.com

قانداق، بارامسەن؟

پىنوككىئو خىيالغا چۆكتى. ئۇ ئاقكۆڭۈل پەرىزاتنى، ياشانغان دادىسى گىپتونى، گەپ قىلالايدىغان قارا چىكەتكىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئويلىدى. بىراق، ئاخىرى ئۇ بارلىق دۆت، ۋىژدانسىز بالىلارغا ئوخشاش گۆدەكلىك قىلىپ، ئۇلارغا ماقۇل بولدى.




— بارسام باراي، بىللە بارايلى، — دىدى ئۇ تولكە بىلەن مۈشۈككە. ئۇلار مېڭىپ كەتتى.

بىر هازا ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار ئەخمەقلەر شەھرىگە يېتىپ كېلىشتى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن پىنوككىئو كوچا - كوچىلارنى قاپلاپ كەتكەن ئاچ ھەم كېسەل ئىتلارنى، سوغاقتا تىتىرەپ يۈرگەن قويلارنى، تۈكى چۈشۈپ كەتكەن تىلەمچى توخۇلارنى، ئازغىنا پۇلنى دەپ چىرايلىق قاناتلىرىنى سېتىۋېتىپ ئۇچالماي قالغان ۋە ئىزا تارتىپ كىشىلەرگە قارىيالماي يۈرگەن كېپىنەكلەرنى، ئالتۇن رەڭلىك، چاقناپ تۇرىدىغان پەيلىرىدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ، يىغلاپ يۈرۈشكەن ئاقساق - چولاق قىرغاۋۇل-

لارنى كۆردى.

بۇ قەلەندەر، شور پىشانىلەر ئارىسىدىن تۈلكە، سىغىزخان ياكى سۆرۈن تەلەتلىك قۇشلار ئولتۇرغان كۆركەم، ياسىداق پەيتونلار ئۆتۈپ تۇراتتى.



— غارايىپ ئىتىز نەدە؟ سووەدى پىتوككىتو.

— يىراق ئەمەس، مۇشۇ يەردىلا.

ئەملىيەت بۇنىڭ يالغان گەپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى، ئۇلار شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقتى ـ دە، بىر پارچە ئىتىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. بۇ ئىتىزنىڭ باشقا ئادەتتىكى ئىتىزلاردىن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

— بىز كەلمەكچى بولغان ئىتىز مۇشۇ، — دېدى تۈلكە، — ئەمدى يەرنى بىرئاز كولاپ تىللانى كۆمگىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پىنوككىئو تۈلكىنىڭ سۆزى بويىچە ئىشقا كىرىشتى. يەرنى ئازراق كولاپ تىللانى سالغاندىن كېيىن توپا بىلەن كۆمۈپ قويدى.

— ئەمدى سەن بۇلاقتىن بىر ئاز سۇ ئېلىپ كېلىپ بۇ يەرنى سۇغارغىن، — دېدى تۈلكە.

پىنوككىئو بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلدى. سۇنى ئالىدىغان بىر نەرسە يوق، ئاخىرى پۇتىدىكى ئايىغىنى سېلىپ سۇنى شۇنىڭغا ئالدى-دە، تىللا كۆمۈلگەن توپىغا قۇيدى ۋە ئۇلاردىن سورىدى:

— يەنە نېمە ئىش قىلىمەن؟

— بولدى، باشقا ئىش يوق، — دېدى تۈلكە، — ئەمدى قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ. سەن يىگىرمە مىنۇتتىن كېيىن كەلسەڭ، شاخلىرىدا ۋاچچىدا ئالتۇنلار ئېسىلىپ كەتكەن ناھايىتى يوغان بىر تۈپ دەرەخنى كۆرىسەن.

بىچارە پىنوككىئو خۇشاللىقتىن خۇدىنى يوقىتىپ. تۈلكە بىلەن مۈشۈككە توختىماي رەھمەت ئېيتىپ كەتتى ۋە ئېسىل بىر سوغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ئىجازەت سورىدى.

— بىز ھېچنەرسە ئالمايمىز، — دېيىشتى ئۇلار، — باشقىلارغا قانداق قىلىپ قىلچە جاپا تارتماي باي بولۇشنى ئۆگىتىپ قويالىساقلا بىز شۇنىڭغا رازى.

ئۇلار پىنوككىئوغا تازىم قىلدى-دە، ئۇنىڭ مول بايلىققا ئىگە بولۇشىنى تىلەپ كېتىپ قېلىشتى.

## ئون توققۇزىنچى باپ

پىنوككىئو شەھەرگە قايتىپ كېلىپ، ۋاقىتنى مىنۇتلاپ ساناپ تۇردى ۋە ئۆزىچە ئەمدى بارسام بولار دىگەن يەرگە

كەلگەندە غارايىپ ئېتىزغا قاراپ ماڭدى. يۈرىكى قېپىدىن چىق-
قىپ كېتىدىغاندەك دۇپۇلدەيتتى. ئۇ كېتىپ بېرىپ ئويلايتتى:
«ئەگەر ئىككى مىڭ تىللانى يەنە تېرىسام نۇرغۇن پۇل بولۇپ
كەتمەمدۇ؟ ۋاھ، ئۇ چاغدا مەن كاتتا بايلاردىن بولىمەن —
دە! پادىشالارنىڭكىدەك ئوردام بولىدۇ. مىڭنىڭكىدەك ياغاچ ئات
ھارۋامۇ بولىدۇ، يەنە تېخى قەن - گېزەك، كىتاپ ۋە ھەر
خىل ئېسىل نەرسىلەر بىلەن تولغان يەر ئاستى ئامبارمۇ
قىلىۋالىمەن».

ئۇ شۇنداق تاتلىق خىياللار بىلەن مېڭىپ بىردەمدىلا ئېتىز-
غا يېتىپ كەلدى — دە، چوڭ دەرەخنى ئىزلىدى. ئېتىزلىقتا
ھېچقانداق دەرەخ يوق ئىدى. ئۇ يەنە بىر نەچچە قەدەم ئال-
دىغا ماڭدى. ھېچنەرسە يوق. ئېتىزنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تىللا
كۆمگەن يەرگە كەلدى. ھېچنىمە يوق، بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپتۇ.
ئۇ نىمە قىلىشىنى بىلمەي ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

— دەل شۇ چاغدا كىمنىڭدۇ كۈلكىسى ئاڭلاندى، پىنوككىئو
بېشىنى كۆتىرىپ دەرەخنىڭ ئۈستىدە قانات - قۇيرۇقلىرىنى
تاراپ ئولتۇرغان شاتۇتىنى كۆردى.



— نىمە كۈلىسەن؟ — دېدى پىنوككىئو ئاچچىغى كېلىپ.
— قاناتلىرىمنى تاراۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت قانىتىمنىڭ ئاستىدىكى
قىچىشىۋاتقان يەرنى تېپىۋالدىم. شۇنىڭغا كۈلۈۋاتىمەن.
ياغاچ قونچاق باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ يەنە بۇلاققا

بېرىپ، بىر ئايىغىغا سۇ تولدۇرۇپ كېلىپ تىللا كۆمگەن يەرگە قۇيدى، شۇ ئارىدا جىمجىت ياتقان ئېتىزلىق تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت جاراڭلىق مەسخىرە كۈلكىسى ئاڭلاندى.

قاتتىق غەزەپلەنگەن پىنوككىئو شاتۇتىغا ۋاقىرىدى:

— ھەي، ھەي ھارامـزادە، ئېيتقىنا، يەنە نېمە دەپ كۈلىسەن؟

— باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن دۆتكە كۈلۈۋاتىمەن.

— مېنى دېمەكچىمۇ سەن؟

— ھەئە. ساڭا كۈلۈۋاتىمەن، بىچارە پىنوككىئو. پۇلنى تېرىپ، شالغا ياكى دەرەخ كۆچىتىگە ئوخشاش ئۆستۈرىمەن دېگىنىڭگە قارىغاندا، تازىمۇ ھاماقەت بىر نېمە ئىكەنسەن. مەنمۇ بۇرۇن خۇددى ساڭا ئوخشاش ئويلىغان، شۇڭا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بەدىنىمدىكى پەيلىرىمۇ توزۇپ ئاز قالدى. ھازىر پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، بىراق كېچىكتىم. شۇنداق بولسىمۇ بىر ساۋاققا ئىگە بولدۇم، نېمە ساۋاق دىسەڭ، ئازغىنا پۇل تېپىش ئۈچۈنمۇ ئۆز بىلىكىگە تايىنىپ ئەمگەك قىلماي، كاللا ئىشلەتمەي بولمايدىكەن.

— گېپىڭنى چۈشەنمىدىم، — دېدى ياغاچ قوچاق. ئۇنى بايىلا تىترەك باسقان ئىدى.

— ئەمىسە ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي، — دېدى شاتۇتى سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بىلەمسەن، سەن شەھەرگە كەتكەندە، تۈلكە بىلەن مۈشۈك بۇ يەرگە كېلىپ، كۆمگەن پۇلۇڭنى ئېلىپلا ئۆچقاندەك قېچىشتى. ھازىر قانچە قىلساڭمۇ ئۇلارنى تۇتالمايسەن.

پىنوككىئو ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ شاتۇتىنىڭ

گېپىگە ئانچە ئىشەنمەي، تىللا كۆلگەن يەرنى ئىككى قولى بىلەن كولاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن تىللا ئەمەس، قۇرۇپ قالغان ئوت - چۆپلەر چىقتى.

ئۇ ئۈمىتسىزلىنىپ، دەرھال شەھەرگە قاراپ ماڭدى ۋە ئۇدۇل سوتقا بېرىپ ئىككى قاراقچى ئۈستىدىن ئەرز قىلدى.

سودىيە بولسا ئورانگۇتان ئېرقىدىكى قېرى بىر مايمۇن ئىدى. ئاپپاق ساقاللىرى ئۇنى ھەيۋەت كۆرسەتەتتى، بولۇپمۇ كۆزىگە تارتىۋالغان ئەينىكى يوق ئالتۇن كۆز ئەينەكگى ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسەتەتتى، ئۇنىڭ كۆزىدە ئاززاق چاتاق بولغاچقا، ئۇ بۇ كۆز ئەينىكىنى زادىلا تاشلىمايتتى.



پىنوككىئو سودىيىگە ئەھۋالنىڭ پۈتۈن جەريانىنى سۆزلىدى ھەم ئىككى قاراقچىنىڭ ئىسمى، تۇرار جايلىرىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ئۇلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى.

سودىيە ئۇنىڭ سۆزىنى ھەيرانلىق بىلەن ئاڭلىدى ۋە ناھايىتى قىزىقتى ھەم ئىنتايىن تەسىرلەنگەندەك بولدى. ياغاچ قوچاق سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن سودىيە بىر كۇنۇپكىنى بېسىۋىدى، شۇ ھامان ھەربى كىيىم كىيگەن ناھايىتى يوغان ئىككى ئىت كىرىپ كەلدى. سودىيە ئۇلارغا پىنوككىئونى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مۇنۇ بىچارە ساراڭ پۇلىنى ئوغرىغا بېرىپتۇ. بۇنى ئېلىپ چىقىپ تۈرمىگە تاشلاڭلار، — دېدى.

ياغاچ قوچاق بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نارازىلىق بىلدۈرمەكچى بولغان ئىدى، ئىت ئۇنىڭغا يول قويماي، سۆرىگىنىچە ئەپچىقىپ بىر ئۆيگە قامىدى.

ئۇ تۈرمىدە 4 ئاي ياتتى. ئەگەر تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالمىغان بولسا، تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت ياتقان بولاتتى. كىچىك كىتابخانلىرىم، سىلەر مۇنداق بىر ئىشنى بىلىپ قېلىڭلار: ھېلىقى ئەخمەقلەر شەھىرىنىڭ ياش پادىشاسى يېقىندا دۈشمەن بىلەن بولغان بىر ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئىدى، ئۇ بۇ غەلىبىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش يۈزىسىدىن كۆپچىلىككە ساليوت ئېتىش ۋە ھەر خىل مۇسابىقە ھەركەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ غەلىبىنى تېخىمۇ تەنتەنە قىلىش ئۈچۈن تۈرمىدىكى بارلىق جىنايەتچىلەرنى ئازات قىلىۋەتتى.

— باشقا جىنايەتچىلەر تۈرمىدىن چىقىپ كەتكەن يەردە مەنمۇ چىقىپ كېتىمەن، — دېدى پىنوككىئو گۇندىپايغا.

— سەنمۇ؟ — دېدى گۈندىپاي، — سەن چىقمايسەن، چۈنكى سەن جىنايەتچى ئەمەس.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى پىنوككىئو، — مەنمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا جاپا چەكتىم.

— بۇ دېگىنىڭ توغرا، — دېدى گۈندىپاي ۋە بۆكىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن تازىم قىلغاندىن كېيىن پىنوككىئو ياتقان كامېرنىڭ ئىشىگىنى ئېچىۋېتىپ، پىنوككىئونى قاچۇرىۋەتتى.

## يىگىرمىنچى باپ

تۈرمىدىن ئازات بولغان پىنوككىئونىڭ قانچىلىك خوشال بولغانلىقىنى سىلەرمۇ كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈۋاتقانسىلەر، ئۇنىڭ خوشاللىقىنى گەپ بىلەن ئىزھار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ تۈرمىدىن چىقىپلا پەرىزاتنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان چوڭ يول بىلەن شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

يېڭىلا يامغۇر ياققانلىقتىن يول ناھايىتى تېيىلغاق ئىدى. ئۇ قەدەمدە بىر تىزىغىچە پاتقاقا كىرىپ كېتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ توختىماي ماڭدى. ئۇ دادىسى ۋە ھاۋارەڭ چاچلىق سۆيۈملۈك ئاچىسى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىرايتتى. شۇڭا كېيىم-كېچەكلىرى لايغا مىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا توشقاندەك سەكرەپ كېتىپ باراتتى.

ئۇ كېتىۋېتىپ شۇنداق ئويلىدى: «مېنى نېمانچە جىق پالاكەت باسىدىغاندۇ؟ بۇ تېخى ماڭا ئاز، چۈنكى مەن جاھىل، سەپرا بىر ياغاچ قوچاقمەن. دائىم مېنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە مەندىن مىڭ ھەسسە ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، ئۆزەم بىلگەنچە ئىش قىلىپ كەلدىم. ئەمدى مەن بۇ

ئادىتىمنى ئۆزگەرتىپ، گەپ ئاڭلايدىغان ئوبدان بالا بولىمەن. گەپكە كىرمەيدىغان بالىلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلدىم. بىچارە دادام مېنى ساقلاۋاتقاندۇ! مەن ئەمدى دادام بىلەن پەرىزاتنىڭ ئۆيىدە ئۇچرىشىمەن. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكىنىمگە ئۇزاق بولدى، مەن ئۇنى مىڭ قېتىم قۇچاقلاپ، مىڭ قېتىم سۆيىمەن. پەرىزاتمۇ مېنىڭ قېچىپ كەتكەن يامان قىلىقلىرىمنى ئەپۇ قىلىدۇ. ئۇ ماڭا شۇنچىلىك كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى، ئۇ نېمە دېگەن مېھرىۋان — ھە! ئۇ مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالدىغۇ! ئۇنىڭغا قانچە رەھمەت ئېيتساممۇ ئەرزىيدۇ.»

ئۇ خىيال بىلەن كېتىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت قاتتىق قورقۇپ كەتتى — دە، توختاپ قېلىپ كەينىگە تۆت قەدەم داجىدى. ئۇ نېمىنى كۆرۈپ قالدى، تېپىپ بېقىڭلارچۇ؟ يولدا غايەت زور بىر يىلان ياتاتتى! ئۇنىڭ تېرىسى يېشىل ئىدى. كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى، قۇيرۇقىدىن بولسا ئىس چىقىپ تۇراتتى.



ياغاچ قوچاقنىڭ قانچىلىك قورقۇپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. ئۇ كەينىگە قاراپ بەدەر قاچتى - دە، بىر تاش دۆۋىسىگە كېلىپ يىلان كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ماڭماقچى بولۇپ ئولتۇردى. بىر سائەت، ئىككى سائەت، ئۈچ سائەت ئولتۇردى، بىراق يىلان ھېچيەرگە سىلجىمىدى. پىنوككىئو ئۇنىڭ ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزى بىلەن، ئىس چىقىپ تۇرغان قۇيرۇقىدىن باشقا يېرىنى كۆرەلمىدى. ئۇ ئاستا - ئاستا غەيرەتكە كېلىپ يىلاننىڭ يېنىغىراق كەلدى - دە، مۇلايىملىق بىلەن:

— ئەپۇ قىلىڭ، يىلان ئەپەندىم، ماقۇل كۆرسىڭىز، بىر ئەرەپكىرەك يۆتكەلسىڭىز، ئۆتۈپ كەتسەم؟ — دېدى. ئۇ خۇددى تامغا گەپ قىلىۋاتقاندەك يىلاندىن ھېچقانداق جاۋاپ چىقمىدى.

پىنوككىئو يەنە يېلىنىشقا باشلىدى:

— يىلان ئەپەندىم، دادام مېنى ساقلاپ قالغان، ئۆيگە بارمىسام بولمايدۇ. مېنى يولدىن ئۆتكىلى قويسىڭىز، كېتىۋالسام قانداق؟

پىنوككىئو يىلاندىن جاۋاپ كۈتۈپ بىردەم تۇرۇپ باقتى، لېكىن يىلاندىن جاۋاپ چىقمىدى. ئەكسىنچە بايا ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنگەن يىلان ئەمدى خۇددى يوقاتقاندەك جىمىپ كەتتى. كۆزى يۇمۇلغان، قۇيرۇقىدىن چىقىۋاتقان ئىسمۇ توختىغان ئىدى. پىنوككىئو ئۇنى ئۆلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ خۇشاللىقىدىن ئالقىنىنى ئۇۋۇلاپ كەتتى ۋە كۈتۈۋېرىشكە تاقىتى قالماي يىلاننىڭ ئۈستىدىن بىرلا سەكرەپ بۇياققا ئۆتتى. بىراق، ئۇشتۇمتۇت يىلان خۇددى ئاغامچىدەك ئوخچۇپ كۆتۈرۈلدى. قايتا سەكرەپ ئۆز جايىغا كېلىۋېلىشنى ئويلىغان ياغاچ قوچاق بىرلا سەكرىۋىدى، دىققەتسىزلىكتىن بەك كۈچىنىپ كېتىپ

www.uyghurkitap.com

يىقىلىپ چۈشتى ـ دە، بېشى پاتقاققا پېتىپ، ئىككى پۇتى ئاسمانغا بولۇپ قالدى.

ياغاچ قوچاقنىڭ بىردىنلا سەكرەپ يىقىلغانلىقىنى كۆرگەن يىلان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ شۇ كۈلگەنچە كۈلۈۋېرىپ، چىڭقىلىپ كەتكەنلىكتىن قان تومۇرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالدى.

پىنوككىئو قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتمەستە پەردىزاتنىڭ ئۆيىگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن يەنە ئۇچقاندەك يۈگۈردى. بىردىم يولغا كەلگەندە قورسىقى ئېچىپ كېتىپ، بىر باققا كىردى ـ دە، بىر ساپاق ئۈزۈم ئېلىپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزماقچى بولىۋېدى، بۇ يەردىمۇ چاتاقنىڭ چوڭى چىقتى.



ئۇ ئۈزۈم بارىگىنىنىڭ تۈۋىگە ئەمدىلا كېلىۋىدى «تارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قانداقتۇ بىر تۆمۈر ئۇنىڭ پۇتىنى قىسىۋېلىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى. بىچارە ياغاچ قوچاق پۇتىنى قىسقان نەرسىنىڭ ئوغرىلىققا كەلگەن ئاغمىخانلارنى تۇتۇش ئۈچۈن دېخانلار قۇرۇپ قويغان قاپقان ئىكەنلىكىنى شۇندىلا بىلدى.

## يىگىرمە بىرىنچى باپ

پىنوككىئونىڭ نىمە بولغانلىقىنى بىلىۋاتقانسىلەر؟ بۇ چاغدا ئۇ ھۆكىرەپ يىغلاۋاتاتتى. بۇ يېقىن ئەتراپتا ئادەم

بولمىسا ياكى يولۇچىلار ئۆتمىسە يىغلىغانىنىڭ نىمە پايدىسى؟ قاراڭغۇمۇ چۈشتى. تۆمۈر قاپقانىنىڭ ئاۋازى ۋە قورقۇش تۈپەيلىدىن ئۇ ھۇشىدىن كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ بىر پاقىراق قوڭغۇزنى كۆرۈپ:

— ھەي پاقىراق قوڭغۇز، — دېدى پىنوككىئو ئۇنىڭغا، — سەن ماڭا ياردەم قىلىپ، مېنى قۇتقۇزۇپ قويالامسەن؟

— ھەي بىچارە بالا، — دېدى پاقىراق قوڭغۇز توختاپ، — قانداقلارچە بۇ قاپقانغا چۈشۈپ قالدىڭ؟

— باققا كىرگەنىدىم، بىر ساپاق ئۈزۈم ئېلىپ يەي دېگىنىچە ...

قېنى ئۈزۈم؟

— ئالالمىدىم.

— سېنى كىم خەقنىڭ بىر نەمىسىنى ئوغورلا دېدى؟

— قورسىقىم ئېچىپ كەتكەن تۇرسا.

— ھەي بالا، ...... قورسىقىم ئاچتى دەپ خەقنىڭ بىر نەرسىسىنى ئوغرىلىساڭ بولامدۇ؟

— گېپىڭ توغرا، توغرا گەپ قىلدىڭ! — دېدى پىنوككىئو يىغلاپ تۇرۇپ، — بۇندىن كېيىن ئوغرىلىمايمەن.

ئاستا كېلىۋاتقان ئاياق تىۋىشى ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلدى. ئۆي ئىگىسى كېچىدە توخۇ ئوغرىلىغىلى كەلگەن ئاغمىخان توزاققا چۈشۈپ قالدىمىكىن دەپ چىراقنى كۆتىرىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئۇ توزاققا چۈشكەن ئاغمىخان ئەمەس، بەلكى بىر بالا ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن قورقۇپ كەتتى.

— ھىم، كىچىك ئوغرى! — دېدى دېخان غەزەپلىنىپ، — چۆجىلىرىمنى ئوغرىلاپ يۈرگەنلەرنىڭ بىرى سەن ئىكەنسەن — دە!

www.uyghurkitap.com



— مەنما؟ مەن ئەمەس، — دېدى پىنوككىئو خىقىراپ، — مەن بىر ساپاق ئۆزۈم ئېلىپ يەي دەپ كىرگەن ئىدىم.

— ئۆزۈمنى ئوغرىلىغان ئوغرى توخۇنىمۇ ئوغرىلايدۇ. ئەمدى كۆرۈپ تۇر، ئېسىڭدىن چىقمىغىدەك بىر ئەدىۋىڭنى بېرەي!

ئۇ تۇزاقنى ئاجراتقاندىن كېيىن ياغاچ قوچاقنى خوددى مۈشۈكنى تۇتقاندەك گەجگىسىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پىنوككىئوغا قاراپ:

— ھازىر كەچ بولۇپ قالدى. كىرىپ ئۇخلايمەن. سېنىڭ بۇ ئىپلاس ئىشىڭ توغرىلىق ئەتە سۆزلىشىمەن. ئىتىممۇ تېخى بۈگۈنلا ئۆلگەن ئىدى، ئوبدان بولدى، سېنى ئۇ ئىتنىڭ ئۇۋىسىغا ئەپكىرىپ قوياي، ئۆيۈمنى ساقلايدىغان پايلاقچى ئىت بول، — دېدى.

ئۇ شۇ ماھان ئىتنىڭ تاسمىسىنى ئېلىپ كېلىپ پىنوككىئونىڭ بويىنىغا سالدى ۋە زەنجىر بىلەن باغلاپ قويدى.

— ئەگەر، — دېدى دېخان، — كېچىدە يامغۇر يېغىپ قالسا ئۇۋىنىڭ ئىچىدە پاخال بار، شۇنىڭ ئۈستىدە ياتقىن، مېنىڭ ئىتىممۇ شۇ يەردە تۆت يىل ياتقان. كىرە، يات، ئوغرى

كېلىپ قالسا ھاۋشىيسەن.

دىخان ئىشىكنى قاتتىق تاقاپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. پەقەت بىچارە ياغاچ قوچاقلا توڭلاپ قورقۇپ، ئاچ قورساق سىرتتا قالدى. بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلگەن ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئىتتىنىڭ تاسمىسى ئۇنىڭ بوينىنى بەك ئاغرىتىۋەتتى. ئۇ تاسمىنى پات — پات مىدىرلىتىپ قوياتتى. ئۇ يەنە خىيالغا كەتتى: «بۇ، ماڭا ئاز. ئۆيدىن قاچقانلىغىم، بۇزۇقلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئۇلارغا ئەگەشكىنىم ئۈچۈن مۇشۇ ئازاپلانى تارتىۋاتىمەن. ئەگەر مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئوبدان بالا بولغان بولسام، مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇپ، بىرەر ئىش قىلغان بولسام ياكى دادام بىلەن بىللە ئۆيدە تۇرغان بولسام، مۇنداق ئىتتىنىڭ ئۈۋىسىدا توخۇلارنى كۆزىتىپ ياتمىغان بولاتتىم! ئەمدى باشقىدىن ئوبدان ئادەم بولۇشۇم كېرەك! بىراق، كېچىكتىم ......».

شۇ خىياللاردىن كېيىن ئۇ ئۈۋىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باپ

پىنوككىيو ئىككى سائەتتەك ئۇخلىدى. يېرىم كېچە بولغاندا ئۇنى كىملەرنىڭدۇ چاقىرىشلىرى ئويغىتىۋەتتى. بۇ ئاۋازلار سىرتتىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. پىنوككىيو ئۇچلۇق بۇرنىنى ئۈۋىدىن چىقىرىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ، مۈشۈككە ئوخشاپ كېتىدىغان تۆت ھايۋاننىڭ تۇرغانلىغىنى كۆردى. بۇلار مۈشۈك ئەمەس، بەلكى گۆش يەيدىغان، چۈجىلەرنى تۇتۇپ يەيدىغان ئاغمىخان ئىدى، ئۇلاردىن بىرسى ئۈۋىنىڭ ئاغزىغا كېلىپ:

— ياخشى چۈش كۆرۈۋاتامسىز پالىنو! — دېدى.

— مەن پالىنو ئەمەس.



— ھوي، ئۇنداقتا كىم سەن؟

— مەن پىنوككىئو.

— بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىسەن؟

— پايلاقچىلىق قىلىۋاتىمەن.

— ھىم، پالنو نەگە كەتتى؟ مۇشۇ ئۇۋىدا ياتىدىغان قېرى ئىت پالنوچۇ!

— بۈگۈن ئەتىگەندە ئۆلۈپتۇ.

— ئۆلۈپتىمۇ؟ بىچارە جانىۋار! ياخشى نەرسە ئىدى...... چىرايىڭنى كۆرمەيۋاتىمەن، لېكىن كېسىپ ئېيتىمەن، سەنمۇ ياخشى ئىت.

— كەچۈر، مەن ئىت ئەمەس.

— ئىت بولمىساڭ نىمە؟

— مەن ياغاچ قوچاق.

— سەن ئىتنىڭ ئورنىدا پايلاقچىلىق قىلىۋاتامسەن؟

— ھەئە. توغرا ئېيتتىڭ، — بۇ ماڭا بېرىلگەن جازا.

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا، بىز ئۆلۈپ كەتكەن پالنو بىلەن تۈزگەندەك سەن بىلەنمۇ بىر توختام تۈزەيلى، قانداق دەيسەن؟

— نىمە توختام ئۇ؟

— بىز بۇرۇنقىدەك ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىمىز—

توخۇ كاتىكى بار ئۆيگە كىرىپ كېچىلىك زىيارەت قىلىمىز-
دە، ئۇ يەردىن سەككىز دانە چۈجە ئېلىپ چىقىپ يەتتىسىنى
ئۆزىمىز ئالىمىز، بىرىنى ساڭا تەقدىم قىلىمىز. توختامىمىز
مۇشۇنداق. ئېنىق بىلىۋالغىن، سەن يالغاندىن ئۇخلىغان بو-
لۇپ يېتىۋېرىسەن. ئەگەر ھاۋشىپ كەتسەڭ خوجايىن تۇيۇپ
قالىدۇ.

— پالنو مۇشۇنداق قىلغانمۇ ؟ — سورىدى پىنوككىئو.

— ھەئە. ئۇ چاغلاردا ئىشىمىز بەك يۈرۈشۈپ كەتكەن.
سەن پەقەت خاتىرجەم ئۇخلىساڭلا بولدى. قايتىدىغان چاغدا
ساڭا سېمىز چۈجىدىن بىرىنى تاشلاپ كېتىمىز. ئەتىگەنلىك
تامىقىڭ بولىدۇ. چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم، — دېدى پىنوككىئو. ئۇ ئارقىدىن خۇددى
سەنلەر بىلەن ھازىر ئەمەس، بىردەمدىن كېيىن بىرنېمە دې-
يىشەرمىز، دېگەندەك قىلىپ بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى.

تۆت ئاغىمخان چاتاق چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن-
دىن كېيىن يېقىنلا يەردىكى توخۇكاتىكىگە قاراپ مېڭىشتى.
ئۇلار چىشلىرى ۋە تىرناقلىرى بىلەن ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ،
بىر - بىرلەپ كىرىپ كېتىشتى، بىراق ئۇلار كاتەككە كىرىپ
ئانچە ئۆتمەيلا كاتەكنىڭ ئىشىگى جالاققىدە قىلىپ يېپىلغان-
لىقىنى ئاڭلاشتى.

ئىشىكنى كىم ياپقاندۇ؟ پىنوككىئو ياپقان ئىدى، ئۇ تېخى
ئىشىكنى يېپىۋالغاندىن تاشقىرى يوغان بىر تاشنى ئېلىپ كې-
لىپ ئىشىككە يۆلەپ قويدى — دە، بەئەينى ئىتقا ئوخشىتىپ:
«ھاۋ - ھاۋ» دەپ ھاۋشىشقا باشلىدى.

بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، دېخان كارۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى ۋە
مىلتىقنى ئېلىپ، دەرىزىدىن ۋاقىرىدى:

— نېمە بولدى؟

— ئوغرى كەلدى! — دەپ ۋاقىرىدى پىنوككىئو.

— ئۇلار نەدە؟

— كاتەكتە.

— مانا ھازىر چىقىمەن.

مىنۇت ئۆتمەي دىخان يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇ بايىقى تۆت ئاغمىخاننى تۇتۇپ، تاغارغا سولىدى ۋە مەمنۇنلۇق بىلەن تاغارغا قاراپ:

— چۆجىلىرىمنى ئوغرىلىغانلار سەنلەر ئىكەنسەن — دە! ئەمدى جازاڭنى بەرمىسەم. لېكىن بەكمۇ زىغىرلاپ كەتمەيمەن. ئەتىراپىتىكى بازارلارنىڭ بىرىگە ئاپىرىپ، باشقىلارغا بېرىۋېتەي. سەنلەرنى شۇلار ئېلىپ كەتسۇن، شۇنىڭغا رازىمەن. مېنىڭ قوسىقىم كەڭ، مۇنچىلىك ئىشنى كۆڭلۈمگە ئالمايمەن، بىلسەڭلار بۇ سىلەرنىڭ ئىزلەپمۇ تاپالمايدىغان شەرىپىڭلار.

ئۇ، پىنوككىئونىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن ھال سورىدى ۋە نۇرغۇن ئەھۋاللاشتى، ئاخىرىدا:

— سەن بۇ تۆت ئوغرىنى قانداق تۇتۇۋالدىڭ؟ مېنىڭ سادىق، ئاقكۆڭۈل ئىتىم پالنو ئۇلارنى نېمىشقا تۇتالمىغان بولغىدى!

ياغاچ قوچاق ئىت بىلەن ئاغمىخانلارنىڭ تۈزۈشكەن نومۇسسىز توختاملىرىنى سۆزلەپ بەردى، ئارقىدىنلا ئىتنىڭ ئۆلگەنلىكى يادىغا كېلىپ: «بۇ گەپنى بىكار دەپتىمەن، ئۆلگەندىن كېيىن كەتتى ئەمەسمۇ، ئۇنى تېچ ياتقىلى قويماي نېمە قىلاتتىم» دەپ ئويلاپ، پۇشايمان قىلىپ قالدى.

— ئاغمىخانلار كەلگەندە سەن ئۇخلاپ قالغانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى دىخان.

— ھەئە، ئۇخلاۋاتاتتىم، — دېدى پىنوككىئو، — ئۇلار گەپ قىلىشىپ مېنى ئويغىتىۋەتتى. بىرسى ماڭا: ئەگەر ۋاقىرىمىساڭ، ئۆي ئىگىسىنى ئويغاتمىساڭ، بىز ساڭا سېنى چۆچىدىن بىرنى تەقدىم قىلىمىز، دېدى. چۈشىنىۋاتامسىز؟ ئۇلار ماڭا ئىززا تارتماي شۇ گەپنى قىلىشىۋاتىدۇ. گەرچە مەن بىر ياغاچ قوچاق بولسامۇ، ياغاچ قوچاقلاردا بولىدىغان ھەممە ئىللەتلەر مەندە بار بولسىمۇ، مەن ھەرگىز ئوغرىلار بىلەن بىر يولدا ماڭمايمەن — دە!

— باتۇر بالا ئىكەنسەن! — دېدى دېخان ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، — بۇ دېگىنىڭ سەن ئۈچۈن شەرەپ. مەن سېنىڭدىن رازى بولغانلىقىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سېنى قويۇپ بېرىمەن، ئۆڭۈڭگە كەتكىن.

ئۇ، پىنوككىئونىڭ بوينىدىن ئىتنىڭ تاسمىسىنى ئېلىۋەتتى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باپ

پىنوككىئو ئىتنىڭ بوينىغا سالىدىغان ھېلىقى ئېغىر، قوپال تاسمىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، شۇ ھامان ئېتىزلىقنى كېسىپ يۈگۈردى. تاكى پەرىزاتنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان چوڭ يولغا كەلگىچە بىر مىنۇتمۇ توختىمىدى.

ئۇ چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن تۈلكە بىلەن مۈشۈككە ئۇچراپ قالغان ھېلىقى كاساپەت ئورمانلىققا ۋە ئۆزىنى ئېسىپ قويغان ھېلىقى چوڭ كاۋچۇك دەرەخكە نەزەر سالدى. ئاندىن ھاۋارەڭ چاچلىق پەرىزات تۇرىدىغان ئاپپاق ئۆي بار تەرەپكە قارىدى، لېكىن ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۇ ئۆينى كۆرەلمىدى.

ئۇ غەم - قايغۇغا چۆكۈپ، جېنىنىڭ بېرىچە شۇ ياققا

قاراپ يۆگۈردى، بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا ھىلىقى ئاق ئۆي جايلاشقان يەرگە يېتىپ كەلدى، لېكىن ھازىر ئۇ ئۆي كۆرۈنمەيتتى. پەقەت يوغان بىر قەۋرە تېشىلا تۇراتتى. تاشنىڭ ئۈستىگە مۇنداق خەتلەر يېزىلغان ئىدى:

| ھاۋارەڭ چاچلىق پەرىزاتنىڭ قەۋرىسى |
| --- |
| ئىنىسى پىنوككىئو تاشلاپ كەتكەنلىكتىن ھەسرەت چېكىپ ۋاپات بولدى. |

ئۇ خەت تونۇمىغانلىقتىن تاشقا نىمە دەپ يېزىلغانلىقىنى بىلمىدى. بەختىگە گەپ قىلالايدىغان قاراچىكەتكە ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، تاشتىكى خەتنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەردى. مەن سىلەرگە تاشتىكى خەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن ياغاچ قوچاقنىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئەمدى ئېيتىپ بېرەي. ئۇ ئۆزىنى يەرگە ئاتتى، يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتكەندەك قەۋرە تېشىنى سۆيۈپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. تاغ - جىلغىلارنى جاراڭلىتىپ تاڭ ئاتقىچە يىغلىدى. پەقەت كۆز يېشى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىنلا توختىدى.

«ئاھ جېنىم پەرىزات، سىزگە نىمە دەرت كەلگەندۇ، بۇ ئۆلۈم سىزگە كەلگىچە ماڭا كەلسە بولمامدۇ؟ سۆيۈملۈكۈم پەرىزات، ئېيتىڭا، دادامنى نەدىن تاپارمەن، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولاتتىم، ئۇنىڭدىن ئۆمۈرۋايەت ئايرىلمايتتىم. ۋاي ئېيتىڭىزچۇ، سىز ئۆلمىدىڭىز، سىزراستىلا ماڭا ئامراق بولسىڭىز، مېنى ئۇكام دىسىڭىز تىرىلىپ قايتىپ كېلىڭ. تىرىلىڭ! تىرىلىڭ! ھەممە ئادەم مېنى تاشلىۋەتتى، يىتىم قالدىم، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ؟

قاراقچىلار كېلىپ قالسا مېنى دەرخقە يەنە ئاسىدۇ، راستلا ئۆلۈپ كېتىمەن، مەن دادامدىن ئايرىلىپ، سىزدىن ئايرىلىپ يېتىم بولۇپ قالدىم، ئەمدى مەن نېمە ئىش قىلىمەن؟ سىلەردىن باشقا ماڭا كىممۇ بىر نەرسە بېرىدۇ؟ ئاخشىمى نەدە ئۇخلايمەن؟ كىيىملىرىمنى كىم كىيگۈزۈپ قويىدۇ؟ مەنمۇ ئۆلسەم بولماسمىدى، مۇنداق ياشىغاندىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ؟ مەن زادى ئۆلەي! ھۇ — ھۇ — ھۇ! ...»



ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىدىن ۋاز كەچكەن ئىدى، ئۇ ھەدەپ چېچىنى يۇلاتتى، بىراق ئۇنىڭ ياغاچ بېشىدىكى چاچلارمۇ ياغاچتىن ياسالغاچقا بىر تالمۇ يۇلۇنمايتتى.

دەل شۇ چاغدا يوغان بىر كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ ياغاچ قوچاقنىڭ قەۋرى تېشى يېنىدا يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈدى-دە، بىر ئايلىنىپ:

— ھەي بالا، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ - دەپ سورىدى.

— يىغلاۋاتقىنىمنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ — دېدى پىنوككىيو يېڭى بىلەن كۆزىدىكى ياشنى سۈرتكەچ بېشىنى كۆتۈرۈپ.

كەپتەر يەنە سورىدى:

ــ ئېيتقىنا، ئاغىنىلىرىڭنىڭ ئارىسىدا پىنوككىئو ئىسىملىك بىر ياغاچ قوچاق بارمۇ؟

ــ پىنوككىئو؟ پىنوككىئو دەمسەن؟! ــ دىدى پىنوككىئو ۋە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، ــ پىنوككىئو دىگەن مەن!

كەپتەر ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ يەرگە قوندى. ئۇ كۈرىكە توخۇچىلىك بار ئىدى.

ــ گېپتونى بىلەمسەن؟ ــ دەپ يەنە سورىدى كەپتەر.

ــ بىلەمسەن دەۋاتامسەن؟ ئۇ مېنىڭ بىچارە دادام بولىدۇ. ئۇ مېنى سورىدىمۇ؟ مېنى دادامنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويساڭچۇ؟ ئۇ ھازىرھاياتمۇ؟ ئېيتقىنا، ئۇ ھايات بارمۇ؟

ــ بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى مەن ئۇنىڭ بىلەن دېڭىز بويىدا خوشلاشقان.

ــ دادام ئۇ يەردە نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

ئۇ يەردە بىر قېيىق ياساۋاتىدۇ، ئۇكىيانغا چىقىپ سېنى ئىزلىمەكچى. بىچارە بوۋاي سېنى تۆت ئاي ئىزلىدى، ھىچيەردىن تاپالمىدى. ئەمدى ئاشۇ قېيىق بىلەن سېنى ئىزلەپ باشقا دولەتكە بارماقچى.

ــ دېڭىز بۇ يەرگە يىراقمۇ؟ ــ سورىدى پىنوككىئو.

ــ مىڭ يول كېلىدۇ.

ــ مىڭ يول؟ ئاھ كەپتەر! بىر جۈپ قانىتىم بولغان بولسا، نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى!

ــ ئەگەر بېرىشنى خالىساڭ، مەن سېنى ئېلىپ بارىمەن.

ــ قانداق بارىمىز؟

ــ ئۈستۈمگە مىنىسەن، بىراق سەن ئېغىرمۇ؟

ــ ئېغىر ئەمەس، راستلا، مەن پەيدەك يېنىك.



ئۇلار باشقا گەپلەرنى قىلىشمىدى. پىنوككىئو خۇددى ئاتقا مىنگەندەك سەكرەپ چىقىپ ئۇنىڭ ئۇستىگە مىندى- دە:

— قېنى، كەتتۇق، — دېدى.

كەپتەر قانىتىنى كېرىپ، بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. كەپتەر تازا ئېگىزگە چىققان- دا ياغاچ قوچاق ئۇشتۇمتۇت تۆۋەنگە قاراپ قورقۇپ كەتتى- دە، دەرھال كەپتەرنىڭ بوينىغا مەھكەم ئېسىلىۋالدى.

ئۇلار پۈتۈن بىر كۈن ئۇچتى. كەچ كىرىپ كېلىۋاتقاندا كەپتەر:

— ئۇساپ كەتتىم، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— مېنىڭمۇ قورسىقىم ئاچتى، — دېدى پىنوككىيو،

— بىز كەپتەر خانىلىرىنىڭ بىرىدە بىرئاز ئارام ئېلىپ ئاندىن ماڭايلى، دېڭىز ياقىسىغا ئەتە ئەتىگەندە يېتىپ بارىمىز.

ئۇلار بىر كەپتەرخانىغا ئۇچۇپ كىردى. بۇ كەپتەرخانىدىن نامراتچىلىق يېغىپ تۇراتتى، ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرغان كىچىك بىر تەشتەكتىكى سۇ ۋە كىچىك بىر سېۋەتتىكى پۇرچاق ئۈن-دۈرمىسىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى.

ياغاچ قونچاق ئۆمرىدە بۇنداق پۇرچاق ئۈندۈرمىسىنى يەپ باقمىغان ئىدى، شۇڭا بۇنى كۆرۈپلا كۆڭلى ئايىنىشقا باشلىدى. لېكىن قانداق بولمىسۇن ئاز — تولا يېدى. يەپ ئاز قالغاندا كەپتەرگە قاراپ:

— مەن پۇرچاق ئۈندۈرمىسىنىڭ مۇنچىلىك مەزىلىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەپتىكەنمەن، — دېدى.

— ئەمدى بىلىۋالغىنىڭكى، قورساق تازا ئاچقاندا پۇرچاق ئۈندۈرمىسىمۇ تاتلىق تېتىيدۇ. ئادەم ئاچ قالغاندا ھېچنېمە تاللىمايدۇ، غەلىتە ئادەتلىرىمۇ يوقايدۇ، — دېدى كەپتەر.

ئۇلار كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ يەنە ماڭدى. ئەتىسى ئەتىگەندە دېڭىز بويىغا يېتىپ كەلدى.

كەپتەر پىنوككىيونى ئاستا چۈشۈرۈپ قويۇپ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان رەھمەت سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى خالىماي، دەرھال ئۇچۇپ كەتتى - دە، كۆزدىن غايىپ بولدى.

دېڭىز بويىدا نۇرغۇن ئادەم توپلىشىۋالغان بولۇپ، ھەممىسى دېڭىزغا قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى!

— نېمە ئىش بولدى؟ - پىنوككىيو بىر مومايدىن سورىدى.

— بالىسى يۇتۇپ كەتكەن بىر بوۋاي بۈگۈن قېيىق بىلەن دېڭىزغا چۈشۈپ بالىسىنى ئىزلەپ ماڭغان ئىكەن، دېڭىزدا قاتتىق دولقۇن كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ، بوۋاي دېڭىزغا چۆكۈپ كېتەمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمىز.

— قېنى ئۇ قېيىق؟

— ئەنە، ئاۋۇ ياقتا، — دېدى موماي قولى بىلەن قېيىق بار تەرەپنى كۆرسىتىپ، پىنوككىئو كىچىككىنە بىر ئادەم ئولتۇرغان خۇددى ياڭاقنىڭ شاكىلىچىلىك بىر قېيىقنى كۆردى.

— مېنىڭ دادام! دادام شۇ!

قېيىق دولقۇن ئىچىدە گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ كېتىپ باراتتى. ئېگىز بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان پىنوككىئو قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ۋاقىرىدى، بۆكىنى ئېلىپ پۇلاڭلاتتى.



گېپپېتو گەرچە ناھايىتى يىراقتا بولسىمۇ، ئوغلىنى تونۇغان ئىدى. شۇڭا ئۇمۇ بۆكىنى قولىغا ئېلىپ، قايتىپ بارىمەن دېگەندەك ئىشارەتلەرنى قىلدى. لېكىن ئۇنى دولقۇن ماڭغۇزمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئـۇشتۇمـتۇت دەھشەتلىك دولقۇن كـۆتىرىلدى — دە، قېيىق كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇلار دىڭىزنىڭ بويىدا قېيىقنىڭ پـەيدا بولۇشىنى كـۈتۈپ تۇرۇشقان بـولسىمۇ، لېكىن قېيىق زادىلا چىقمىدى.

— ھەي بىچارە بـوۋاي! — دېيىشتى قىرغاقتا تـۇرغان بېلىقچىلار، لېكىن ئـۇلاردىمۇ باشقا ئامال بـولمىغاچقا قايتىپ كېتىشتى.

كىشىلەر ئۇشتۇمتۇت ۋاقىرىغان ئاۋازنى ئـاڭلاپ ئەتراپقا قاراشتى ۋە قورام تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر بالىنىڭ دېڭىز-غا سەكرىگەنلىگىنى كۆرۈشتى.

— دادامنى قۇتقۇزۇپ چىقىمەن، — دەيتتى ئۇ.

پىنوككىئو يـاغاچتىن ياسالغاچقا سـۇدا لـەيلەيتتى ۋە بېلىققا ئوخشاش سۇ ئۈزەلەيتتى. ئـۇنى دولقۇن بىر ئـۇرۇپ يوق قىلىۋەتتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە لەيلەپ سۇ ئـۈستىدە پەيدا بولدى. بېلىقچىلار تاكى ئۇ يىراقلاپ كۆزدىن يـۈتكىچە قاراپ تۇرۇشتى.

— ھەي، بىچارە! — دېيىشتى ئۇلار، بىراق ئامال قـانـچە، ھەممىسى قايتىپ كېتىشتى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باپ

پىنوككىئونىڭ ئېسى - يـادى دادىسىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئىدى.

ئـۇ كېچىچە دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈردى. سـۇ نىمە دېگەن قورقۇنچلـۇق - ھە! بىر دەم يامغۇر يـاغسا، بىردەم مـۆلدۈر چۈشەتتى. ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاقىغاندا قـاراڭغۇ كېچە

كۈندۈزدەك يورۇپ كېتەتتى.

تاڭ ئاتقاندا بىر ئارال كۆرۈندى. ئۇ شۇ ئارالغا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى. دولقۇن ئۇنى خۇددى بىر تال پاخالنى ئۇرغاندەك ئۇرۇپ ماڭغۇزمايتتى. خېلىدىن كېيىن تەلىيىگە دەھشەتلىك بىر دولقۇن كۆتىرىپ بىرلا ئۇردى - دە، ئۇنى ئارالغا قېقىپ چىقىرىپ قويدى. تاشقا تېگىپ مىجىقى چىقىپ كەتكىلى قىل قېلىپ: «تەلىيىم بار ئىكەن، ئاران قۇتۇلدۇم!» دىدى پىنوككىئو ئۆزىچە پىچىرلاپ.

بۇ چاغدا ھەممە ياق يورۇپ كەتكەن بولۇپ، قۇياش يەر - جاھانغا ئۆز نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى. ياغاچ قوچاق قىرغاققا چىققاندىن كېيىن كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇردى. دادىسى چۈشكەن قېيىق ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ خىيالغا كەتتى: «بۇ ئارالنىڭ ئىسمى نىمىدۇ، ھېچبولمىغاندا بۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن تونۇشقان بولسام بولاتتى. ئۇلار مېنى دەرەخقە ئېسىپ قويىماس، بىراق بىرەر ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، كىمدىنمۇ سورايمەن؟»

ئۇ بۇ ئارالدا ئۆزى يالغۇزلۇقىنى ئويلاپ، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتتى. ئۇشتۇمتۇت قىرغاققا يېقىنلا بىر يەردە ئاجايىپ چوڭ بىر بېلىق ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالدى. بېلىق سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۈزۈپ يۈرەتتى. ياغاچ قوچاق خۇشال بولۇپ، ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىدى:

— ھەي، بېلىق ئەپەندىم، سىزدىن بىر ئېغىز گەپ سورىسام بولامدۇ؟

— نەچچە ئېغىز بولسىمۇ سوراۋەر، — دىدى بېلىق.

ئۇ ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان ئەدەپلىك يونۇس بېلىقى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— ئېيتىڭا، مەن بۇ ئارالدا باشقا نەرسىلەرگە يېيىلىپ
كەتمەي، ئۆزەمگە يىگىدەك بىر نەرسە تاپالارمەنمۇ؟

— چوقۇم تاپالايسەن، — دېدى يۇنۇس بېلىقى، — ئاز-
راق ماڭساڭ ئادەم بار يەرگە بارىسەن.

— قايسى يول بىلەن ماڭىمەن؟

— سول تەرەپتىكى كىچىك يول بىلەن ئۇدۇل ماڭساڭ
بولىدۇ.

— يەنە بىر نەرسىنى سوراپ باقسام، سىز كېچە-كۈندۈز
مۇشۇ دېڭىزدا يۈرىدىغان ئوخشايسىز، سىزگە بىر كىچىك
قېيىق ئۇچرىمىدىمۇ؟ ئىچىدە دادام بارىدى؟

— داداڭ كىم بولىدۇ؟

— دۇنيادا مېنىڭ دادامدەك ئوبدان ئادەم يوق،
لېكىن مەن بەك ئەسكى شۇم بولسام كېرەك.

دېڭىزدا تۈنۈگۈن ناھايىتى قورقۇنچلۇق دولقۇن كۆتى-



رىلگەن، كىچىك قېيىق بولغان بولسا چۆكۈپ كېتەتتى - دە!

— دادىمچۇ؟

— بۇنداق چاغدا دادىڭ ساق قالامدۇ؟ لەھەڭ يەپ كەتكەندۇ، بىر نەچچە كۈندىن بۇيان لەھەڭلەر مۇشۇ ئەتراپتا يۈرەتتى.

— لەھەڭ دېگەن شۇنداق يوغانمۇ؟ — دەپ سورىدى پىنوككىئو تىترەپ تۇرۇپ،

— يوغانمۇ دەمسەن؟ ۋاي - ۋۇي ... ئاڭلاپ قوي، ئۇنىڭ چوڭلۇقى بەش قەۋەت بىنادەك كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاغزىدا پۈتۈن پويىز كىرىپ كېتەلەيدۇ.

— ۋاي خۇدايىم! — پىنوككىئو قورقۇپ ۋاقىرىۋەتتى ۋە ئالدىراپ - تېنەپلا:

— خەير، بېلىق ئەپەندىم ئاۋارە قىلدىم، رەھمەت سىزگە! — دېدى - دە، سول تەرەپتىكى كىچىك يولغا قاراپ يۈگۈردى. ئازراق شەپە ئاڭلانسىلا، پويىزنى پۈتۈن يۇتۇۋېتىدىغان ۋە بەش قەۋەت بىنادەك كېلىدىغان قورقۇنچلۇق لەھەڭمىكىن دەپ توختاپ ئەتراپقا قارايتتى.

يېرىم سائەت ماڭغاندىن كېيىن، ئىشچانلار مەملىكىتىنىڭ بىر يېرىگە يېتىپ كەلدى. كوچىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىرىشىپ - يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. ئىشى يوق بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ بىكارچى پىنوككىئو ئۇلۇق - كىچىك تىنىدى - دە، ئۆزىگە ئۆزى: «بۇ يەر ماڭا لايىق ئەمەسكەن. مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئىش قىلىپ باقمىغان» دېدى. توت سائەتتىن بۇيان ھېچنېمە يېمىگەن پىنوككىئونىڭ قورسىقى بەكمۇ ئېچىپ كەتكەن ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىككىلا يول بار — بىرى ئىشلەش، بىرى تىلەمچىلىك قىلىش

ئىدى. كىشىلەردىن بىرنەرسە تىلەشنىڭ سەت ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلەتتى. چۈنكى دادىسى ئۇنىڭغا: ھېچنىمىسى يوق، كېسەل-مەن، قارىغۇلاردىن باشقىلارنىڭ تىلەمچىلىك قىلىشقا ھەققى يوق. ئىش قىلالمايدىغان قېرىلارغا، ھېچنىمىسى يوق كەمبەغەللەرگە كىشىلەر ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىسى ئىشلەپ تېپىپ يېيىشى كېرەك. ئەگەر ئىشتىن قاچىدىكەن، قورسىقى ئاچ يۈرۈ-ۋەرسۇن، ئۇنىڭغا باشقا ئامال يوق، دېگەن ئىدى.

دەل شۇ چاغدا، كۆمۈر باسقان ھارۋىنى سۆرەپ چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن بىر ئادەم كېلىپ قالدى. پىنوككىئو ئۇنىڭ تۇرقىدىن يامان ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ خىجىل بولغان ھالدا:

— ماڭا بىر موچەنىڭىز بولسا بەرسىڭىز، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — دېدى.



— بىر فۇڭمۇ يوق، — دېدى ھارۋا سۆرەپ كېتىۋاتقان كىشى، — ئەگەر ماڭا ياردەملىشىپ، ھارۋىنى دۆڭنىڭ ئۈستىگە

ئەپچىقىشىپ بەرسەڭ، بىرموچەن ئەمەس، ئۇنىڭدىن بەش بارا-ۋەر كۆپ پۇل بېرىمەن.

پىنوككىئونىڭ ئاچچىغى كېلىپ:

— مەن سىزنى مۇنداق گەپ قىلىدۇ دەپ ئويلىماپتىمەن. مەن بىر خېچىر ئەمەس! ئۆمرۈمگە كېلىپ ھاراۋا تارتىپ باقمىغان.

— ھوي، ھارامزادە شوم! — دېدى ئۇ ئادەم، — ئەگەر قوسىقىڭ بەك ئېچىپ كەتكەن بولسا، ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ يۈر-ۋەر، قېنى، قوسىقىڭ تويامدىكىن!

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بىر سىۋەت ھاك كۆتەرگەن بىر خۇمدان ئىشچىسى كېلىپ قالدى.

— ئەپەندىم، ئاچ قالغان مەن يېتىمگە بىر موچەن سەدىقە بەرسىلىچۇ؟

— كەل، ماۋۇ سىۋەتتىكى ھاكنى كۆتىرىشىپ بەرگىن، بەش موچەن بېرىمەن.

— ھاك دىگەن ئېغىر، ھېرىپ كېتىمەن، — دېدى پىنوككىئو.

— ھېرىش - چارچاشتىن قاچساڭ ئاچ يۈرۋەرگىن، خەير - خوش!

يېرىم سائەتنىڭ ئىچىدە يەنە يىگىرمە نەچچە كىشى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پىنوككىئوغا قاراپ:

— نومۇس قىلمايدىغان نىمىكەنسەن! تۇرقۇڭدىنمۇ لۈكچەكلىك چىقىپ تۇرىدۇ، بىرەر ئىش قىلماي ئۆتكەن — كەچ-كەندىن پۇل تىلەۋاتقىنىڭنى — قارا!! — دېيىشتى.

ئەڭ ئاخىرىدا ئىككى كوزىدا سۇ كۆتىرىپ، مۇلايىم بىر ئايال كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— خاپا بولمىسىڭىز، سۈيىڭىزدىن بىر ئىچىۋالسام؟ — دېدى ئۇسساپ ئاغزى چاكىلداپ كەتكەن پىنوككىيو.

— ماقۇل، ئىچىۋال، — دېدى ئايال مۇلايىملىق بىلەن كوزىسىنى يەردە قويۇپ.

پىنوككىيو ئاچكۆزلۈك بىلەن قانغىدەك سۇ ئىچتى ۋە ئىچىپ بولغاندىن كېيىن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ: «يەيدىغان بىر نەرسە بولغان بولسا، سۇ ئىچكەندەك بىر تويۇۋالغان بولسام» دەپ قويدى.

ئايال بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇ هامان:

— ئەگەر ماڭا ياردەملىشىپ بۇ كوزىدىكى سۇنى تاققا ئەپچىقىشىپ بەرسەڭ نان بېرىمەن، — دېدى.

پىنوككىيو سۇ بار كوزىلارغا قاراپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

— نان بىلەن قوشۇپ يەنە بىر كېسىم ماي، ئاچچىق-چۈچۈك شورپا بېرىمەن.

پىنوككىيو يەنە كوزىغا قاراپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

— بۇلارنى يەپ بولغاندىن كېيىن يەنە پىچىنە بېرىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پىنوككىيو:

— ماقۇل، كوزىنى كۆتىرىپ ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ بېرەي، — دېدى ۋە كوزا ئېغىر بولغانلىقتىن ساڭگىلىتىپ كۆتىرەلمەي بېشىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئايال پىنوككىيونى ئولتۇرغۇزۇپ يەيدىغان نەرسىلەرنىڭ جىمىسىنى شىرەگە قويدى، پىنوككىيو بولسا بۇ نەرسىلەرنى چاينىمايلا يۇتۇن-يۇتۇن يۇتۇشقا باشلىدى. ئايال ئۇنىڭغا قاراپ: بىر نەرسە يېمىگىلى بىرەر ھەپتە بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى.

شۇنداق قىلىپ، پىنوككىيو قوسىقى تويغاندىن كېيىن ئايالغا رەھمەت ئېيتتى. ئارقىدىنلا ئۇ ئىختىيارسىز ئەجەپلىنىپ

«ھۇي، ھۇي» دەپ ۋاقىرىۋەتتى ۋە ئاغزىنىمۇ سۇرتمەي، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇپلا قالدى.

— نىمە دەيسەن؟ — دىدى ئايال كۈلۈپ.

— ۋاھ! — پىنوككىئو دۇدۇقلاشقا باشلىدى، — ئە...... ئەجەپ ئو...... ئوخشايدىكەنسىز، سىز شۇ! ھاۋارەڭ چىچىڭىزمۇ شۇ، دەل شۇ! ئاھ، پەرىزات، ئېيتىڭا، سىز شۇمۇ! مېنى ئەمدى يىغلاتماڭ! مېنىڭ قانداق يىغلىغانلىغىمنى بىلگەنسىز! قانچىلىك قايغۇرمىدىم!



پىنوككىئو ئەمدى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بۇ سىرلىق ئايالنى قۇچاقلىدى ۋە كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى.

## يىگىرمە بەشىنچى باپ

دەسلەپتە بۇ ئايال ئۆزىنى مەن ھاۋارەڭ چاچلىق پەرىزات ئەمەس دەپ باقتى. لېكىن پىنوككىئونىڭ تونۇۋالغانلىغىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى يوشۇرمايلا:

www.uyghurkitap.com

— سەن ھارامزادە مېنى قانداق تونۇۋالدىڭ؟ — دېدى پىنوككىئوغا قاراپ.

— مەن سىزگە بەك ئامراق ئىدىم، شۇڭا تونۇۋالدىم.

— مېنى تېخى ئۇنۇتمىدىڭمۇ؟ مەن دىگەن گەپلەرنى ئۇنتۇپ قاپسەن - ھە! مەن ئەمدى قېرىدىم، ئاناڭدەك بولۇپ قالدىم.

— مەنمۇ سىزنى ئانام دەيمەن. باشقا بالىلارنىڭ ئانىسى بولغاندەك، سىزمۇ مېنىڭ ئانام. بىراق سىز نىمانچە تېز قېرىپ كەتتىڭىز؟

— بۇ بىر سىر.

— بۇ سىرنى ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ. مەنمۇ ئىتتىك چوڭ بولۇشنى خالايمەن، قارىمامسىز؟ مەن مۇشۇنداق كىچىككىنە تۇرۇۋېرىمەنمۇ؟

— سەن چوڭ بولمايسەن.

— نىمىشقا؟

— ياغاچ قوچاق بولغانلىقىڭدىن زادىلا چوڭ بولمايسەن. سەن تۆرەلگەندىلا ياغاچ قوچاق ئىدىڭ، ھازىرمۇ ياغاچ قوچاق، ئۆلگەندىمۇ ياغاچ قوچاقسەن.

— ئاھ، مەن ياغاچ قوچاق بولۇپ قالغىنىمغا تويدۇم. مەن ئەمدى ئادەمگە ئايلانسام، — دېدى پىنوككىئو ئۆز بېشىغا ئۇرۇپ.

— ئادەمگە ئايلىنىدىغان ۋاقتىڭ كەلگەندە ئاندىن ئادەم بولىسەن.

— راستمۇ؟ قانداق قىلسام ئادەمگە ئايلىنىمەن؟

— بۇ ئاسان، ئوبدان بالا بولساڭلا، ئۇ مەقسەتكە يېتەلەيسەن.

— ئۇنداقتا مەن ھازىر ئوبدان بالا ئەمەسمۇ تېخى؟

— ئەمەس. ئوبدان بالا دىگەن گەپ ئاڭلايدۇ، سەن بولساڭ...

— راست، مەن گەپ ئاڭلىمىدىم.

— ياخشى بالا دىگەن ئوقۇشنى، خىزمەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، سەن بولساڭ...

— بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان يەردە ئويناپ يۈردۈم.

— ئوبدان بالا دىگەن ھەر قاچان راست گەپ قىلىدۇ، سەن بولساڭ...



— مەن دائىم يالغان گەپ قىلىپ كەلدىم.

— ئوبدان بالا دىگەن مەكتەپكە بارىدۇ، سەن بولساڭ......

— مەكتەپكە بېرىش ماڭا بىر قورقۇنچلۇق ئىش بولۇپ تۇيۇلغان، ئەمدى مەن بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزگىرىمەن.

— ۋەدە بېرەمسەن؟

— ۋەدە بېرىمەن. ئوبدان بالا بولىمەن، دادامنىڭ ئەڭ

ئامراق بالىسى بولسەن، دادام ھازىر نەدە؟

— بىلمەيمەن.

— مەن دادام بىلەن كۆرۈشۈش بەختىگە ئىگە بولالامدىمەن؟

— ئىگە بولالايسەن، راست، مەن ھۆددە قىلالايمەن.

بو گەپنى ئاڭلاپ پىنوككىئو خوشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتماي كەتتى ۋە كۆڭلى سۆيۈنۈپ پەرىزاتقا دىدى:

— ئېيتىڭا ئانا، سىز راست ئۆلمىگەنمۇ؟

— شۇنداقتەك، — دىدى پەرىزات.

— ۋاپات بولغانلىغىڭىزنى بىلىپ، ئاشۇ كۈنى قەۋرە تېشى يېنىدا قانچىلىق ھەسرەت چەككەنلىگىمنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن. گۇنايىڭنى كەچۈرگەنلىگىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. چىن يۈرىگىڭدىن ئېچىنىدىڭ ۋە ھازا تۇتتۇڭ، قارىغاندا سەن كۆڭلى قارىلاردىن ئەمەس ئىكەنسەن. ۋىجدانلىق بالىلاردىن ئۈمىت كۈتۈشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئايرىم چاغلاردا ئەسكىلىك قىلسىمۇ ئاخىرى يەنە توغرا يولنى تېپىۋالىدۇ. شۇڭا مەن بۇ يەرگە كەلدىم، ساڭا ئانا بولۇشنى خالايمەن.

— ئاھ، نىمەدىگەن ياخشى - ھە! - پىنوككىئو خوشاللىغىدىن سەكرەپ كەتتى.

— بۈگۈندىن كېيىن گېپىمنى ئاڭلاپ، دىگىنىمدەك ئىش قىلامسەن؟

— قىلىمەن، قىلىمەن، قىلىمەن!

— ئۇنداق بولسا ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپكە بارىسەن، — دىدى پەرىزات.

پىنوككىئو مەيۈسلەنگەندەك بولدى.

— ئاۋال مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىش

تېپىپ ئىشلەيسەن.

پىنوككىئو جىددىيلىشىپ قالدى.

— نىمە دەپ غۇدۇراۋاتىسەن؟ — دېدى پەرىزات.

— مەكتەپكە ئەمدى بارسام كېچىكىپ قالىدىمىكىن دەيمەن.

— ياق بالام، ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئوقۇشتا كېچىكىش بولمايدۇ. قاچانلا ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ.

— بىراق، مېنىڭ ئىش قىلغىم كەلمەيدۇ.

— نىمە ئۈچۈن؟

— ئىش قىلسام بەك ھېرىپ كېتىمەن.

— ھەي بالا...... ئىشلىمەي چىشلەيمەن دەپ ئويلاش يولسىزلىق، بۇنداق ئادەم يا تۈرمىدە ياتىدۇ، يا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورنىغا بارىدۇ. مەيلى كەمبەغەل، مەيلى باي بولسۇن، ھەممىلا ئادەم ئاز - تولا ئىش قىلىشى كېرەك. ھورۇنلار ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ! ھورۇنلۇق بىر خىل ناھايىتى يامان، قورقۇنچلۇق كېسەل. ياش چېغىدىلا داۋالاتمىسا، قېرىغاندا داۋالىغىلى بولمايدۇ.

بۇ سۆزلەر پىنوككىئونى ھاياجانغا سالدى، ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ:

— مەن ئوقۇيمەن، ئىشلەيمەن، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە ئىش قىلىمەن. چۈنكى مەن ياغاچ قوچاق بولۇپ ياشاشتىن زېرىكتىم، مەن راست بالىغا ئايلىنىشنى خالايمەن، سىز شۇنىڭغا ماقۇل دېگەنتىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئەمدى جىمى گەپ ئۆزەڭدە قالدى.

www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئالتىنچى باپ

ئەتىسى، پىنوككىئو شۇ يەردىكى بىر مەكتەپكە كىردى. ئويلاپ بېقىڭلار، بىر ياغاچ قوچاقنىڭ سىنىپقا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار قانداقمۇ جىم ئولتۇرالىسۇن! ئوقۇغۇچىلار ئۇنى كۆرۈپ پاراققىدا كۈلۈشۈپ كەتتى. بىرسى بۆكىنى تارتسا، بىرسى كېلىپ چاپىنىنى تارتاتتى، بىرسى سىيا بىلەن ئۇنىڭغا ساقال سىزىپ قويسا، يەنە بىرسى كېلىپ ئاغامچا بىلەن ئۇنىڭ پۇتىدىن، قولىدىن باغلىۋېلىپ ئۇسۇل ئويناتماقچى بولاتتى.

دەسلەپتە پىنوككىئونىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارى بولمىدى. كېيىن چىداپ تۇرالمىدى - دە:

— ئۆزەڭگە ئاگاھ بولۇش! مەن بۇ يەرگە ھەر قايسىڭغا مايمۇن بولۇپ بەرگىلى كەلمىدىم. مەنمۇ سىلەرنى ھۆرمەت قىلىۋاتقاندىكىن، سىلەرمۇ مېنى ھۆرمەت قىلىڭلار، — دېدى.



— بۇنىڭ ھەييارلىقىنى! گېپىكىمۇ ئۇستا ئىكەن بۇ. —

دىيىشتى لۈكچەك شۈمتەكلەر ۋاقىرىشىپ ۋە قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى. ئاردا بىرسى تېخىمۇ ئەدەپ، پىنوككىئونىڭ بۇرنىدىن تۇتۇپ تەپمەكچى بولىۋىدى، ئاغىچە پىنوككىئو پارتىنىڭ ئاستىدىن پۇتىنى چىقىرىپ بىرنى تەپتى.

— ۋايجان، نىماندااق قاتتىق بۇنىڭ پۇتى! — دەپ ۋاقىرۋەتتى ھىلىقى بالا پۇتىنى سىلاپ.

— ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق مۇش بار مەيەردە! — دىدى. يەنە بىر بالا پىنوككىئونىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشماقچى بولىۋىدى، پىنوككىئونىڭ مۇشتى كېلىپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە تەگدى.

شۇنداق قىلىپ، مەكتەپتىكى بالىلار پىنوككىئونىڭ بىر نەچچە مۇش - پەشۋالىرىنى يىگەندىن كېيىن يۇۋاشلىشىپ، ھەممىسى ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قېلىشتى.

زىرەك پىنوككىئو كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەنلىكتىن، ۋاقتىدا كېلىپ، ۋاقتىدا قايتقانلىقتىن، ئوقۇتقۇچىسىمۇ ماختايدىغان بولدى. بىرلا كەمچىلىگى كۆپ بالىلار بىلەن دوست بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ دوستلىرى ئىچىدە بەزىلىرى ياخشى ئوقۇمايدىغان بالىلار ئىدى، ئوقۇتقۇچى ھەر كۈنى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئاقكۆڭۈل پەرىزاتمۇ دائىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— پىنوككىئو دىققەت قىل! بەزى دوستلىرىڭ ئاخىرى بىر كۈنى سېنىمۇ ئۆزىدەك ئەسكى قىلىپ قويىدۇ، — دەيتتى.

— چاتاق يوق، — دەيتتى ياغاچ قوچاق مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپ ۋە «ئەقلىم بار» دىگەندەك پىشانىسىنى چېكىپ قوياتتى.

لېكىن چاتاق چىقتى. ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى پىنوككىئو

مەكتەپكە كېتىۋاتاتتى، بىر نەچچە دوستلىرى ئۇچراپ:
— بىر خەۋەر ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى.
— ياق، ئاڭلىمىدىم.
— يېقىنلا بىر يەردە تاغدەك يوغان بىر لەھەڭ قىرغاققا چىقىپ قاپتۇ، — دېدى.
— راستمۇ؟ بۇنداق بولسا، ئۇ چوقۇم دادامنى يەپ كەتكەن لەھەڭ!
— كۆرۈپ كېلەمسىز بارامسەن؟
— ياق، مەن مەكتەپكە بارىمەن.
— ۋاي - ۋۇي ... مەكتەپكە بېرىپ نېمە قىلىسەن؟ بىز ئەتە بارىمىز، بىر كۈن ئوقۇمىغانغا نېمە بوپتۇ؟
— مۇئەللىم گەپ قىلمامدۇ؟
— ۋاي - ۋۇي مۇئەللىمنىڭ گېپى تۈگەمدۇ؟
— ئانامچۇ؟
— ئاناڭ ئۇقمايدۇ، — دېدى بۇ ئەسكى شۇملار.
— مېنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىلەر؟ — دېدى پىنوككىئو، — مېنىڭمۇ ئوتتەك بارغىم بار، شۇڭا مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندە بېراي دەۋاتىمەن.
— تازا ساراڭ نېمىكەن ماۋۇ! — دېيىشتى ئۇلار، — ئويلاپ باقە، شۇنچە يوغان بىر لەھەڭ سېنىڭ مىسلىداپ كېلىشىڭنى كۈتۈپ تۇراتتىمۇ؟ ئۇ دېڭىزغا كىرىپ كېتىپ بولمامدۇ، بارمىساڭ ئېسىت دەپ قالىسەن!
— بېرىپ كەلگىچە قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ — سورىدى پىنوككىئو.
— بىر سائەتنىڭ ئىچىدە بېرىپ كەلگىلى بولىدۇ.
— ئۇنداق بولسا بارىمەن، قېنى كېلىڭلار يۈگۈرۈشەيلى، كىم ئۇزۇپ كېتىدىكىن، — دېدى پىنوككىئو ۋاقىراپ.



ھەممىسى تەڭلا يۈگۈرۈشتى. پىنوككىئو خۇددى پۇتىغا قانات بېكىتىۋالغاندەك ناھايىتى تېز يۈگۈرەتتى. ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئارقىدا قالغان دوستلىرىغا قاراپ - قاراپ قوياتتى، ئۇ توپا - چاڭغا كۆمۈلۈپ، دېمىنىمۇ ئالالماي يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلارغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بىچارە پىنوككىئونىڭ ئۆزىنى قانداق پالاكەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باپ

دېڭىز بويىغا كەلگەندىن كېيىن، پىنوككىئو ئەتراپقا قاراپ ھېچقانداق لەھەڭنى كۆرمىدى. ئەينەكتەك دېڭىز سۈيى تېپ - تېچ پارقىراپ تۇراتتى.

— لەھەڭ نەدە؟ — سورىدى ئۇلاردىن.

— ئۇ ئەتىگەنلىك تامىقىنى يېگىلى كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى بىر بالا كۈلۈپ.

— شۇنداق ئوخشايدۇ، ھېرىپ كېتىپ دەم ئالغىلى كەت-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كەن ئوخشايدۇ، دەپ، — قاقاخلاپ كۈلدى يەنە بىرسى.

بۇ جاۋابلارنى ئاڭلاپ، پىنوككىئو ئەسلى بۇنداق ئىشنىڭ يوقلۇقىنى، ئۇلارنىڭ چاخچاق قىلغانلىقىنى بىلـدى ـ دە، قاتـتىق ئاچچىقلىنىپ:

— ئېيتىڭلارچۇ، نىمە ئۈچۈن يوق لەھەڭـنى بار دەيسـلەر؟ — دېدى.

— سىنى مەشەگە ئەپكېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدۇق، — دېدى ھەممىسى تەڭلا.

— نىمە ئۈچۈن؟

— سىنى مەكتەپكە بىر كۈن بارغۇزمايـلى دېدۇق، سەن بىر كۈنمۇ ئوقۇشتىن قالماي بېرىلىپ ئۆگىنىۋاتىسەن، سىنىڭدە ئازراق بولسىمۇ ئوقۇشتىــن زېرىكىــش يوقمۇ؟ بەك تىرىشىپ كېتىۋاتىسەن، نىمىشقا شۇنداق قىلىسەن؟

— مىنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىشىم بىلەن سىلەرنىــڭ نىمە كارىڭلار؟

— ئەلۋەتتە كارىمىز بار، چۈنكى مۇئەللىمنىــڭ ئالدىدا بىز يامان بولۇپ كەتتۇق ـ تە!

— نىمە ئۈچۈن؟

— نىمە ئۈچۈن بولاتتى، مۇئەللىم دائىم ياخشى باللار بىلەن يامان باللارنى سېلىشتۇرىدۇ. ئۇنداق چاغدا بىز لوڭگىـدە چىقىپ قالىمىز، سەۋەپ مۇشۇ.

— ئۇنداق بولسا مىنى نىمە قىل دېمەكچىسىلەر؟

— مەكتەپ دېسە قاچىدىغان بول. ئۆگىنىش، دەرس، مۇـئەللىم دىگەنلەر بىزگە ئوخشاش باللارنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى!

— تىرىشىپ ئوقۇسام قانداق قىلماقچىسىلەر؟

— پايلاپ يۈرۈيمىز، پەيتىنى تاپقاندا ئەدىۋىڭنى بېرىمىز.

— بۇ گېپىڭلاردىن كۆڭلۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ياغاچ
قوچاق بېشىنى چايقاپ.

— ھۇشۇڭنى تاپ پىنوككىئو! — دېدى ھەممىدىن چوڭ
بالا مۇشتۇمىنى پىنوككىئونىڭ بۇرنىغا نوقۇپ قويۇپ، — چاخ-
چىغىڭنى قوي، بىزنى قورقىدۇ دەپ، ئۆزەڭچە يوغانچىلىق قىلما.
بىز سېنىڭدىن قورقمايمىز. بىلىپ قوي: سەن بىر، بىز بولساق
يەتتە!



— پىنوككىئو، مەن ساڭا ھازىر بىر دەرس ئۆتۈپ قوي-
ياي، — بىر بالا ۋاقىراپ كېلىپلا مۇش بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا
بىرنى سالدى. چاققان پىنوككىئو بېشىنى ئىتتىك تۆۋەن قىلى-
ۋالغانلىقتىن مۇشت تەگمىدى، ئەكسىنچە، پىنوككىئونىڭ ئۇنىڭغا
تەگدى. شۇنداق قىلىپ مۇشتلىشىش باشلاندى. پىنوككىئو يالا-
غۇز بولغان بىلەن ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيتتى. ئۇنىڭ ياغاچ پۇت-
لىرى شۇنداق قاتتىق تۇرسا، كىممۇ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلىسۇن؟
ئۇنىڭ پۇتى تەككەنلا بالىنىڭ بەدىنى كۆكىرىپ ئىششىپ
چىقاتتى.

پىنوككىئوغا كۈچى يەتمىگەندىن كېيىن بالىلار غەزەپكە
كېلىپ تاش ئىزلىگىلى تۇردى. بىراق، بۇ يەردە قۇمدىن باش-
قا نەرسە يوق ئىدى. ئاخىر ئۇلار سومكىلىرىدىكى تىل، تارىخ
بىئولوگىيە، ھىساپ كىتاپلىرىنى ئۇنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئېتىشقا
باشلىدى. ياغاچ قوچاق چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇراتتى،

كىتاپلار ئۇنىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ دېڭىزغا چۈشەتتى.

دېڭىزدىكى بېلىقلارنىڭ نېمە بولۇپ كەتكەنلىكىنى تېپىڭلارچۇ؟ دېڭىزغا چۈشۈۋاتقان كىتاپلارنى كۆرگەن بېلىقلار يەيدىغان نەرسە ئوخشايدۇ دېيىشىپ قىرغاققا ئۈزۈپ كېلىشىپتى. لېكىن بىر نەچچە ۋاراقنى چىشلەپ باققاندىن كېيىن خۇددى: «بىز بۇنى يېمەيمىز، بىزنىڭ يەيدىغىنىمىز بۇنىڭدىن كۆپ ياخشى» دەۋاتقاندەك چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈردى.

مۇشتلىشىش تازا قىزىۋاتاتتى، سۇدىن يوغان بىرقېرى قىسقۇچپاقا ئاستا ئۆمىلەپ قىرغاققا چىقتى — دە، خۇددى شامال گۈكىرىگەندەك ئاۋاز بىلەن:

— ئۇرۇشماڭلار! ئۇرۇشماڭلار! باللار، ئۇرۇشقاننىڭ پايدىسى يوق، ئۆزەڭلەرگە بالا تېپىۋالىسىلەر! — دېدى.

بىچارە قىسقۇچپاقىنىڭ سۆزى شامالغا ئۇچتى! تەرسا پىنوككىئو بۇرۇلۇپ قوپاللىق بىلەن:

— ھەي سېسىق پاقا، تولا كاكىرىما! دېڭىزغا كىرىپ پومىڭنى يەپ، كېسىلىڭنى ساقايتىۋال، ئاندىن ئۇۋاڭغا كىرىپ ئۈيقۇڭنى ئۇخلا! — دېدى.

بالىلارنىڭ ئاتىدىغان كىتاپلىرىمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇلار ئۇياق - بۇياققا قاراپ پىنوككىئونىڭ كىتاپلىرىنى كۆرۈپ قالدى — دە، دەرھال ئېلىۋالدى. كىتاپلارنىڭ ئىچىدە قاتتىق مۇقاۋىلىق ناھايىتىمۇ قېلىن بىر ھېساپ كىتاۋى بار ئىدى. بۇ كىتاپ بولەكچىلا ئېغىر ئىدى. بىر بالا دەل مۇشۇ قاتتىق كىتاپنى ئېلىپ پىنوككىئوغا قارىتىپ كۈچ بىلەن ئاتتى. بىراق كىتاپ ياغاچ قوچاققا تەگمەي باشقا بىر بالىنىڭ بېشىغا تەگدى. بالا يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ مىدىر - سىدىر قىلالماي ياتاتتى.



www.uyghurkitap.com



باللار بۇ بالىنىڭ ئۆلگەندەك ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قورق-قىنىدىن بەدەر قېچىشتى. بۇ يەردە پىنوككىئودىن باشقا ھېچكىم قالمىغان ئىدى.

پىنوككىئو بۇ بالىغا قاراپ قورقۇپ كەتكىنىدىن ھوشىدىن كېتەي دەپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ دەرھال دېڭىزدىكى سۇدا مەينەت بولۇپ كەتكەن قوللىرىنى يۇيۇپ كېلىپ، بىچارە بالى-نىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ باقتى — دە، ۋاقىراپ يىغلاپ كەتتى:

— يۇرى! بىچارە يۇرى، كۆزۈڭنى ئاچساڭچۇ! نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ ئىشەنگىن، سېنى مەن ئۇرمىدىم، مەن ئەمەس كۆزۈڭنى ئاچماي بۇنداق ياتساڭ، مەنمۇ ئۆلدۈمغۇ، ئۆيۈمگە

نېمە دەپ باردىمەن؟ ئانامغا نېمىمۇ دەيمەن؟ ئانام نېمە دەر؟ ئەمدى مەن نەگىمۇ باردىمەن؟ نەگىمۇ يوشۇرۇنىمەن؟ ئاھ، بايا مەكتەپكە كېتىۋەرگەن بولسام ئوبدان بولماتتى! ئۇلارنىڭ گېپىگە نېمە دەپ كىردىم؟ ئانامنۇ، مۇئەللىممۇ دائىم ماڭا «يامان باللاردىن پەخەس بولغىن!» دەپ تاپىلاپ تۇراتتىغۇ! بىراق مەن بەكمۇ جاھىل، گەپ ئاڭلىمايدىغان ئەسكى شۇم، مەن ئۇلارنى ئالداپ يەنىلا ئۆزەم بىلگەننى قىلدىم. مەن زادى نېمە بولدۇم؟ بىر كۈنمۇ تېچ ئۆتمىدىمغۇ! ئاھ، خۇدايىم! مەن كېيىن قانداق بىر نېمە بولۇپ چىقارمەن؟ قانداق بىر نېمە بولۇپ چىقارمەن؟!

پىنوككىئو ۋاقىرايتتى، ھۆكىرەپ يىغلايتتى، ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلايتتى. ئۇشتۇمتۇت ئاياق تىۋىشى ئاڭلىنىپ، پىنوككىئو ئىتتىك ئارقىسىغا قارىغان ئىدى، كېلىۋاتقان ئىككى ساقچىنى كۆردى.

— بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇلار.

— ساۋاقدىشىمنى قۇتقۇزۇۋاتىمەن.

— — ئۇ يارىلاندىمۇ؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

بىر ساقچى يۇرىغا ئېڭىشىپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئىش چاتاق، باللىنىڭ بېشى يېرىلىپتۇ، كىم ئۇردى؟ — دېدى.

— مەن ئەمەس، — دېدى پىنوككىئو قورقۇپ كەتكەنلىكتىن دېمىنىمۇ ئالالماي.

— ئەمىسە كىم؟

— مەن ئەمەس، — دېدى پىنوككىئو يەنە بىر قېتىم.

— نېمە بىلەن ئۇرغان؟

— مۇشۇ كىتاپ بىلەن، — دېدى پىنوككىئو ۋە يەردە تۇرغان قېلىن، قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتاپنى ئېلىپ ساقچىغا بەردى.

ــ بۇ كىتاپ كىمنىڭ؟

ــ مېنىڭ.

ــ ئۇنداق بولسا بولدىغۇ. سېنىڭ قىلغان ئىشىڭ ئىكەن-غۇ، ماڭ بىز بىلەن.

ــ بىراق مەن بولسام …

ــ بىز بىلەن ماڭ.

ــ مېنىڭ گۇنايىم يوق.

ــ ماڭ دېگەندىن كېيىن ماڭ.

ئۇلار ماڭغىلى تۇرغاندا بىر نەچچە بىلىقچى قېيىقلىرىنى ھەيدەپ قىرغاققا كېلىپ قالدى. ساقچى ئۇلارغا:

ــ ماۋۇ يارىلانغان بالىنى سىلەر ئۆيىگە ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇتقۇچىغا ئەتە ئۆيىگە بارىمىز، ــ دېدى ۋە پىنوككىئوغا قاراپ ۋاقىرىدى، ــ ئالدىمىزغا چۈشۈپ ماڭ! تېز ـ تېز ماڭ، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن!



ياغاچ قوچاق بىر ئېغىز-مۇ گەپ قىلماي ئۇلار بىلەن بىللە ئۆيىگە بارىدىغان يولغا چۈشۈپ ماڭدى. ھىلىقى بالىنىڭ ئۆلگەن ياكى ئۆلمىگەنلىكى ئۇنىڭغا مەلۇم ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، بولۇپمۇ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈۋاتقاندەك خۇددىنى يوقاتقان، كۆزلىرى قىزارغان ھالدا، پۇتلىرى ئېگىلىپ ئارانلا كېتىپ باراتتى. نىمە

ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇشتۇمتۇت، مولايىم يەر-
زاتىنىڭ دەرىزىسى ئالدىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئېسىگە كېلىپ،
يۈرىكىگە يىڭنە سانچىلغاندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى
تىلەپ كەتتى.

ئۇلار شەھەرگە ئازلا قالغاندا قاتتىق بوران چىقىپ،
پىنوككىئونىڭ بۆكىنى شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى.

— بۆكۈمنى ئېلىۋالاي، رۇخسەت قىلىڭلا، — دېدى
پىنوككىئو.

— بولىدۇ، تېزراق ئېلىۋال.

ياغاچ قوچاق يۈگۈرۈپ بېرىپ بۆكىنى ئالدى، بىراق
بېشىغا كىيمەي ئاغزىغا چىشلىدى - دە، دېڭىز تەرەپكە قاراپ
ئوقتەك قاچتى.

ئىككى ساقچى ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى پەرەز قى-
لىشىپ، مۇسابىقىلەردە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن
يۈگۈرەك ئوۋ ئىتىنى قويۇپ بەردى. ئىت قوغلاشقا باشلىدى.
بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈ-
شۈپ چىقىپ تاماشا كۆرۈشكە باشلىدى. بىراق بىردەمدىن كېيىن
پىنوككىئو بىلەن ئىتنىڭ ئايىغىدىن كۆتىرىلگەن چاڭ - توزاڭ
ئۇلارغا ھېچنېمىنى كۆرسەتمىدى، كىشىلەر ئۇلارنىڭ قاياققا
كەتكەنلىكىنى كۆرەلمەي قالدى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باپ

قاتتىق قوغلىشىش بولۇۋاتقان قورقۇنچلۇق پەيتتە، پى-
نوككىئو ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى سەزدى. چۈنكى
ئاراخى دىگەن بۇ ئىت ناھايىتى تېز يۈگۈرەيتتى، يېتىشىۋې-

لىشقا ئازلا قالغان ئىدى. پىنوككىئومۇ بۇ سەئەت ئوۋ ئىتىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلا يەردە ھاسىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، لېكىن دې-ڭىزمۇ كۆرۈنۈپ قالغان ئىدى.



پىنوككىئو دېڭىز بويىغا يېتىپ كېلىپلا خۇددى پاقىدەك دېڭىزغا ئۆزىنى ئاتتى - دە، سۇغا كىرىپ كەتتى. ئاراخى دې-گەن بۇ ئىتمۇ ناھايىتى تېز يۈگۈرۈپ كەلگەچكە، ئۆزىنى توختىتىۋالالماي دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى. بۇ شور پېشانە ئىت سۇ ئۈزەلمەيتتى، قانچە تىپىرلاپ باقسىمۇ بولماي، ئاخىرى سۇغا چۆكۈشكە باشلىدى. ئارانلا بېشى كۆرۈنۈپ قالغان بۇ ئىت كۆزلىرىگە ياش تولغان ھالدا:

— تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغان بولدۇم! ئۆلدۇم! — دەپ ۋاقىراپ كەتتى.

خەتەردىن قۇتۇلدۇم دەپ ئويلىغان پىنوككىئو، يىراقتا تۇرۇپ:

— ئۆلسەڭ ئۆل، — دېدى.

— پىنوككىئو، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىن! جېنىمنى ساقلاپ قالغىن!

ئاقكۆڭۈل ياغاچ قوچاق ئىتنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېرىپ قالدى.

— قۇتۇلدۇرۇپ قويسام، مېنى يەنە قوغلىماسسەن - قوغلى-

مامسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— قوغلىمايمەن، چوقۇم، ئىتتىك بول، كېچىكسەڭ چۆ-كۈپ كېتىمەن.

پىنوككىئو دادىسىنىڭ: ياخشىلىق ئۇنتۇلمايدۇ، دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، ئۈزۈپ ئاراخنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ قۇيرۇغىدىن تۇتۇپ ئاستا قىرغاققا ئېلىپ چىقتى.

تۈزلۈق سۇ كىرىپ قوسىقى تولۇمدەك بولۇپ كەتكەن بىچارە ئىت يەر دەسسەپ تۇرالمايتتى. ياغاچ قوچاق يەنىلا ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، سۇنىڭ ئىچىدە تۇرغىنىچە تۇزۇك دەپ ئويلاپ دېڭىزغا چوشۇۋالدى-دە:

— خوش ئاراخى! دوستلىرىڭغا مېنىڭدىن سالام ئېيت! — دېدى.

— خەير، خەير، خوش پىنوككىئو، — دەپ ۋاقىرىدى ئىت، — مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قويغىنىڭغا رەھمەت. بۇ ياخشىلىغىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى بۇ ياخشىلىغىڭنى ياندۇرىمەن.

پىنوككىئو خېلىغىچە ئۈزۈپ بىر قىرغاققا كەلدى. ئۇ بۇ يەرنى خەتەرسىز جاي ئىكەن دەپ، ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. ئۇ قورام تاشنىڭ ئارىلىغىدىكى بىر ئۆڭكۈرنى كۆردى. ئۆڭكۈردىن سوزۇلۇپ ئىس چىقىۋاتاتتى. «ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئوت بار ئوخشايدۇ، ياخشى بولدى، ئاۋال كىرىپ ئوت سۇناي، ئۇندىن كېيىن نېمە ئىش بولسا بولمامدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ ئەمدىلا چىقاي دەپ تۇرۇشىغا قانداقتۇ بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنى يۇقۇرى تارتىۋاتقانلىغىنى سەزدى ۋە قاچماقچى بولدى، لېكىن قاچالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ

هەر خىل بېلىقلار بىلەن بىللە بېلىقچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئانچە ئۆتمەي ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن خۇددى دېڭىز ئالۋاستىسىدەك قورقۇنچلۇق بىر بېلىقچى چىقتى. ئۇ دېڭىزدا ئۆسىدىغان دېڭىز ئوتىنى چاچ ئورنىدا بېشىغا ئورىۋالغان بولۇپ، تىرىلىرى، كۆزلىرى ۋە ساقاللىرىمۇ يېشىل ئىدى. ئادەمگە خۇددى تۆت ئاياقلىق چوڭ كەسلەنچۈكتەك كۆرۈنەتتى.

بېلىقچى تورنى سۇزۇپ ئالغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ: «ھەشقاللا ئاللا ئىگەم! بۈگۈن تۇتقان بېلىقىم مول بوپتۇ» دېدى. «مەن بېلىق بولمىغاندىن كېيىن قويۇۋېتەر» دەپ ئويلىدى پىنوككىئو ئۈمىتۋارلىق بىلەن.

بېلىقچى تورنى قاراڭغۇ، ئىس چىقىپ تۇرغان ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كىردى. ئۆڭكۈردە ئوت كۆيۈۋاتاتتى. قازاندا بىر نەرسە ۋاراقلاپ قايناۋاتاتتى.

«قېنى قاراپ كۆرەيچۇ، بۈگۈن تورغا قانداق بېلىقلار چۈشتىكىن» دېدى يېشىل رەڭلىك بېلىقچى ۋە توردىن نۇرغۇن موگىل سىفالوس بېلىقلىرىنى ئېلىشقا باشلىدى.

ئۇ توردىن توپ-توپ ھەر خىل بېلىقلارنى ئېلىپ، نەچچە تۈگىنى تولدۇردى. ئۇنىڭ بۇ بېلىقلارنى خام پېتىلا يەۋەتكۈسى كېلىۋاتقاندەك ئاغزىدىن توختىماي شۆلگەي ئېقىپ تۇراتتى.

«پاھ، نېمە دېگەن پەيزى ئاق بېلىقلار بۇ!»
«پاھ، نېمە دېگەن چىرايلىق ئۆركۈن بېلىقى بۇ!»
«پاھ، مەزىلىك كامبالا بېلىقىغۇ بۇ!»
«پاھ، نېمە دېگەن سېمىز قىسقۇچ پاقىلار بۇ!»
«پاھ، نېمە دېگەن چىرايلىق ماكرۇرا بېلىقى بۇ!»

www.uyghurkitap.com

تورنىڭ ئىچىدە ئەمدى پىنوككىئولا قالغان ئىدى.
بېلىقچى ئۇنى ئېلىپ ھەيرانلىق بىلەن ۋاقىرىۋەتتى ۋە ئۇ-
نىڭغا سىنچىلاپ قاراپ: «بۇ قانداق بېلىق؟ ئۆمرۈمدە بۇن-
داق بېلىقنى كۆرمىگەن ئىدىم. توغرا، بۇ چوڭ قىسقۇچ
پاقىلاردىن بولسا كېرەك!» دېدى.

ئۇنىڭ ئۆزىنى قىسقۇچ پاقا دەۋاتقانلىقىدىن قاتتىق
غەزەپلەنگەن پىنوككىئو:

— مەن قىسقۇچ پاقا ئەمەس! كۆرمەيۋاتامسىز، مەن بىر
ياغاچ قوچاق! — دەپ ۋاقىرىدى.

— ياغاچ قوچاق! — دېدى بېلىقچى، — ھىم، ياغاچ قوچاق
بېلىق - بۇ بىر يېڭىلىق ئىكەن، بۇمۇ ئوبدان بولدى، تەم-
لىك گۆش يەيدىغان بوپتىمەن.



— مېنى يېمەكچىمۇ سىز، گېپىمگە تېخى چۈشەنمەپسىز، مەن
بېلىق ئەمەس، مېنىڭمۇ سىزگە ئوخشاش گەپ قىلىۋاتقىنىمنى
كۆرمەيۋاتامسىز؟

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى بېلىقچى، — سەن سۇدا يا-
شىغان ئىكەنسەن، چىرقۇم سەنمۇ بىر بېلىق. مەن بىلەن
گەپ تالىشىمەن دېسەڭ، ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل. سېنىڭ ئەقىل-

پاراستىڭنى مەنمۇ ھۆرمەتلەيمەن. ئۇنداق بولسا ئۆزەڭ ئويلىنىپ بىر نىمە دىگىن.

— بۇ نىمە دىگىنىڭىز؟

— سەن سۆزلىشىش، تالىشىشنى بىلىدىكەنسەنغۇ، مەن سىنى ھۆرمەت قىلىپ، دوستانىلىق بىلەن قانداق پىشۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۆزەڭ دىگىن دەۋاتىمەن. سىنى قانداق پىشۇرسام رازى بولىسەن، سۇدىلا پىشۇرايمۇ ياكى لازا - پامىدۇرلار بىلەن بىللە قورۇيمۇ؟...

— راستىمنى ئېيتسام، — دىدى پىنوككىئو، — مىنىڭ رايىمغا باقىدىغان بولسىڭىز، مىنى ئازات قىلىۋىتىڭ، ئۆيۈمگە كىتەي.

— چاخچاق قىلىۋاتامسەن! ئويلاپ باق، سىنىڭدەك ئاز ئۇچرايدىغان بېلىقنى تۇتۇپ يىيىش پۇرسىتى كەلگەندە سىنى قويۇپ بىرەمەنمۇ؟ سىنى باشقا بېلىقلار بىلەن قوشۇپلا قورۇي! ھەمرالىرىڭ بىلەن بىللە قورۇلساڭ غىرىپسىنمايسەن!

شور پىشانە پىنوككىئو بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يىغلاشقا باشلىدى:

— مەكتەپكە كىتىۋەرگەن بولسام ياخشى بولماسىدى! ئەسكى بالىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەمدى بۇ ئىشنى كۆرۈۋاتىمەن ھۇ! ھۇ! ھۇ...............

پىنوككىئو خۇددى يىلان بېلىقتەك پىلتىڭلاپ جىم تۇرمىغاچقا، بېلىقچى بىر ئاغامچىنى ئېلىپ ئۇنى مەھكەم باغلاپ باشقا بېلىقلارنىڭ ئارىسىغا تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭدىن كىيىن بىر ساندۇق ئۇن ئېلىپ كېلىپ ھەممىسىگە پىشلاق سۈركىگەندىن كىيىن، ئۇنىغا مىلىدى، بۇنداق قىلغاندا بېلىقلار پىشىپ چىققاندىن كىيىن تېخىمۇ مەزىلىك بولاتتى. قازانغا ئالدى

بىلەن موگىل سىفالوس بېلىغى بىلەن كامبالا بېلىغىنى، ئان-
دىن كېيىن ئوكۇن بېلىغىنى سالدى. ئەمدى نۆۋەت پىنوككى-
ئوغا كەلگەن ئىدى. ياغاچ قوچاق ئۆلۈمنىڭ يېتىپ كېلىۋات-
قانلىغىنى (بۇ ئەھمىيەتسىزلا ئۆلۈم ئىدى) كۆرۈپ، قورققىنى-
دىن گەپمۇ قىلالماي تىترەپ كەتتى.

بىچارە پىنوككىئو بېلىقچىغا قايغۇلۇق قاراپ تۇراتتى. بىراق بۇ يېشىل رەڭلىك ئادەم ئۇنىڭغا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايتتى. ئۇ پىنوككىئونى پىشلاق بىلەن ئۇنغا مىلەپ ئاپپاق قىلىپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ياغاچ قوچاقنى قولىغا ئېلىپ.........

## يىگىرمە توققۇزىنچى باپ

بېلىقچى پىنوككىئونى قازانغا سالاي دەپ تۇرغاندا قازاندىكى مەزىلىك پۇراقنى پۇراپ، ئۆڭكۈرگە يوغان بىر ئىت كىرىپ كەلدى. ئۇن بىلەن پىشلاققا مىلەنگەن ياغاچ قوچاقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بېلىقچى ئىتقا قاراپ:

— يوقال! — دەپ ۋاقىرىدى.

بىراق بۇ بىچارە ئىت ئاچ قېلىپ ئېچىقاپ كەتكەنلىكتىن بىر نەرسە يېگۈسى كېلىپ، گويا «بېلىقتىن بىر چىشلەم بەرگىن، چىقىپ كېتىمەن» دەۋاتقاندەك قىلىپ قويرۇغىنى شىپاڭشىتتى.

— يوقال كۆزۈمدىن! — بېلىقچى ئىتنى بىرنى تەپتى. لېكىن ئېچىقاپ كەتكەن بۇ ئىت چىشلىرىنى چىقىرىپ خىرىس قىلدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە:



— ئاراخى، مېنى قۇتقۇز! قۇتقۇزمىساڭ مېنى قازاندا ماي بىلەن قورۇۋېتىدۇ! — دىگەن ناھايىتى زىل بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئىت پىنوككىئونىڭ ئاۋازىنى تونۇدى. ھەيران بولغان بۇ ئىت ئاۋازنىڭ بېلىقچىنىڭ قولىدىكى ئاپپاق بىر نەرسىدىن كېلىۋاتقانلىغىنى بىلدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ بىرلا ئېتىلىپ بېلىقچىنىڭ قولىدىكى ئاق نەرسىنى ئېلىپلا ئاۋايلاپ چىشلەپ، سىرتقا قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

بېلىقچى قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇنى تۇتۇۋالماقچىمۇ بولدىيۇ، لېكىن يەنە بولدى قىلدى. يەيمەن دەپ چىشىنى بىلەپ تۇرغان بۇ بېلىقنى يىيەلمىدى.

ئاراخى شەھەرگە بارىدىغان يولغا كېلىپ توختىدى — دە،

www.uyghurkitap.com

پىنوككىئونى ئاستا يەرگە قويدى.

— ساڭا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار؟ — دېدى ياغاچ قوچاق.

— رەھمەت ئېيتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئىت، — سەنمۇ مېنى قۇتقۇزغان. ئەمدى مەن سېنى قۇتقۇزدۇم. بۇ دۇنيادا مۇشۇنداق بىر-بىرىمىزگە يار-يۆلەك بولمىساق بولمايدۇ.

— سەن ئۇ ئۆڭكۈرگە قانداق كىرىپ قالدىڭ؟

— سەن كەتكەندىن كېيىن مەن دېڭىز ياقىسىدا ياتتىم، شامال قورۇلۇۋاتقان بېلىقنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كەلدى. بۇ مەزىلىك پۇراق ئىشتىھايىمنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن پۇراپ يۈرۈپ شۇ يەرگە باردىم، ئەگەر يەنە بىر مىنۇت كېچىككەن بولسام .........

— ئۇنى بىر دېمە! — دېدى پىنوككىئو قورققىنىدىن تىترەپ كېتىپ، — ئۇنى بىر دېمە! ئەگەر بىر مىنۇتلا كېچىككەن بولساڭ، مېنى قورۇپ يەۋەتتى، ئاللىقاچان ئۇنىڭ قورسىقىدا ھەزىم بولۇپ بولغانمۇ بولاتتىم، يائاللا! بۇ ئىشنى ئويلىسام تېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ!

ئاراخى كۈلۈپ قويۇپ بىر پۇتىنى پىنوككىئوغا ئۇزاتتى. ئۇلار خۇددى جان دوست ئاغىنىلەردەك بىر-بىرى بىلەن قول ئېلىشقاندىن كېيىن ئايرىلىشتى. ئىت ئۆزىنىڭ ماكانىغا، پىنوككىئو بولسا يېقىنلا يەردىكى بىر يېزىغا قاراپ كەتتى. پىنوككىئو بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئاپتاپ سۇنۇپ ئولتۇرغان بىر بوۋاينىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

— يۇرى دېگەن بىر بالىنىڭ يارىدار بولغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ بالىنى بىرنەچچە بېلىقچى ئۆيىگە ئېپكېلىپ قويدى، هازىر......

— ساقمۇ؟ — پىنوككىئو قاتتىق ھەسرەت بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدى.

— ساق، هازىر ئۆيدە.

— راستمۇ، راستمۇ؟ — پىنوككىئو خۇشال بولۇپ سەكرەپ كەتتى، — ئەھۋالى ئانچە خەتەرلىك ئەمەسمۇ؟

— ئانچە ئەمەس، لېكىن يەڭگىلمۇ دېگىلى بولمايدۇ، بىرسى ئۇنى قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتاب بىلەن ئۇرۇۋېتىپتىكەن.

— ئۇنى كىم ئۇرۇۋېتىپتۇ؟

— پىنوككىئو دېگەن بىر ساۋاقدىشى.

— پىنوككىئو دېگەن كىم ئىكەن ئۇ؟

— خەقلەر ئۇنى ئەسكى شۇم، لۈكچەك، ئۇچىغا چىققان كۆككەمە بىر نەرسە دېيىشىدىغۇ!

— ئۇنداق ئەمەس.

— سەن ئۇنى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن، — دېدى ياغاچ قوچاق.

— سېنىڭچە، ئۇ قانداقراق؟

— مېنىڭچە، ئۇ ئوبدان بالا. مەكتەپكە بېرىشقا ئامراق، تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان، ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان بالا.

ياغاچ قوچاق بۇ يالغان گەپنى قىلىپ بولۇپ، بۇرنىنى سىلاپ باقتى، بۇرنىنىڭ ئۇزىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ دەرھال:

— تاغا، بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمەڭ! پىنوككىئونى مەن ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ ئەسكى بالىلار بىلەن بىللە يۈرىدۇ،

www.uyghurkitap.com

مەكتەپكە بارمايدۇ، — دېدى. بۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇنىڭ بۇرنى يەنە ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كەلدى.

— نىمانداق جەمى يېرىڭ ئاپپاق بولۇپ كەتتى؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

— ئاڭلاي دېسىڭىز سۆزلەپ بېرەي، لېكىن بۇنىڭ جەريانى ئۇزۇن، — دېدى ياغاچ قوچاق، ئۇ بۇ ئىشنى سۆزلەشتىن خىجىل بولاتتى.

— بولدى بالام، سەن بونداق يۇرمە، مەندە بىر تاغار بار. ساڭا تازىمۇ لايىق. خالىساڭ بېرەي.

پىنوككىئو ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتمەيلا تاغارنى ئالدى-دە، قايچا بىلەن تاغارنىڭ تېگىنى ۋە ئىككى تەرىپىنى ئازراقتىن ئويۇپ، كۆينەك قىلىپ كىيىۋالدى. ئۇ يېنىك بىر نەپەس ئېلىپ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ ئويلايتتى: «ئاقكۆڭۈل پەرىزات بىلەن قانداقمۇ كۆرۈشەرمەن؟ مېنى كۆرۈپ نىمىمۇ دەر؟ بۇ قېتىم مېنى يەنە ئەپۇ قىلارمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلمايدۇ، مېنىڭچە ئەمدى ئەپۇ قىلمايدۇ، چوقۇم، چۈنكى مەن مۇتىھەملىك قىلدىم، لەۋزىمدە تۇرمىدىم».

ئۇ شەھەرگە يېتىپ كەلگەندە، قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغان ئىدى، قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتاتتى. ئۇ پەرىزاتنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. بېرىپ ئىشىكنى قاقماقچى بولدى، بىراق ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن بىردىنلا بوشىشىپ ئىشىكنى قېقىشقا پېتىنالمىدى. نېرى كەتتى، بىر دەمدىن كېيىن يەنە كەلدى، يەنە پېتىنالمىدى. ئۈچىنچى قېتىم كەلدى. يەنە پېتىنالمىدى. تۆتىنچى قېتىم كېلىپ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تىترەپ تۇرۇپ ئاران تۇتتى ۋە ئاستا بىر نەچچىنى ئۇردى.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى (بۇ تۆت قەۋەتلىك بىنا ئىدى) بىر دەرىزە ئېچىلىپ، يوغان بىر قۇلۇلە دەرىزىدىن بېشىنى چىقاردى.

— كېچىدە ئىشىكنى قاققان كىم؟ — دىدى قۇلۇلە.

— پەرىزات ئۆيدىمۇ؟ — سورىدى ياغاچ قوچاق.

— پەرىزات ئۇخلاۋاتىدۇ. ئويغاتقىلى بولمايدۇ. سەن كىم؟

— مەن.

— مەن دىگەن كىم؟

— پىنوككىئو.

— پىنوككىئو دىگەن كىم؟

— پەرىزات بىلەن مۇشۇ ئۆيدە بىللە تۇرغان ياغاچ قوچاق.

— ھە...... چۈشەندىم، — دىدى قۇلۇلە، — تۇرۇپ تۇر، مەن ھازىر چۈشىمەن.

— ئىتتىكرەك چۈشكىن، توڭۇپ كېتىۋاتىمەن.

— ھەي...... مەن بولسام بىر قۇلۇلە. قۇلۇلە دىگەن ئىتتىك ماڭالمايدۇ.

بىر سائەت ئۆتتى، ئىككى سائەت ئۆتتى، ئىشىك تېخى ئېچىلمىدى، پىنوككىئو مۇزلاپ دىر - دىر تىترەپ كېتىپ، ئىشىكنى يەنە قېقىشقا باشلىدى. ئىشىكنىڭ يەنە قېقىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان قۇلۇلە ئۈچىنچى قەۋەتتىكى دەرىزىدىن قارىدى.

پىنوككىئو تالادا تۇرۇپ ۋاقىراشقا باشلىدى:

— چىرايلىق قۇلۇلە، مەن تۇرغىلى ئىككى سائەت بولدى، بۇنداق سوغاق كېچىدە ئىككى سائەت دىگەن ئىككى يىلدەك بىلىنىدىكەن. ئىتتىكرەك بولساڭچۇ!

— ھەي بالا، — دىدى قۇلۇلە، — مەن بىر قۇلۇلە، قۇلۇلە دىگەن ھەرگىز ئىتتىك ماڭالمايدۇ.

يېرىم كېچە بولدى، سائەت بىر بولدى، ئىككى بولدى. ئىشىك تېخىچە ئېچىلمىدى. پىنوككىئو ئەمدى زادىلا چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى جىنىنىڭ بېرىچە تارتقان ئىدى، ئىشىكنىڭ تۇتقۇچى بىردىنلا يىلان بېلىقىغا ئايلىنىپ قولىدىن چىقىپ كەتتى-دە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا يىغىلىپ قال-غان يامغۇر سۈيىگە كىرىپ كەتتى.

پىنوككىئونىڭ غەزىۋى تېخىمۇ تۇتتى: «ئىشىكنىڭ تۇت-قۇچى يوق بولسا، ئەمدى پۇتۇمنى ئىشقا سالىمەن!» دېدى-دە، دەپ ئىشىكنى تېپىشكە باشلىدى.



تېپىۋەرگەندىن كېيىن ئىشىكمۇ سۇندى، يەنە تېپىۋىدى، بىر پۇتى ئىشىكنىڭ سۇنغان يېرىگە كىرىپ قالدى. ھەر قان-

چە قىلىپمۇ تارتىپ چىقىرالمىدى. ھازىر ئۇنىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار! ئۇ ئىلاجىسىز بىر پۇتى يەردە، بىر پۇتى ئىشىكنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ قالغان پېتى تاڭ ئاتقىچە تۇردى.

ئەتىگەندە ئىشىك ئېچىلدى. ئاقكۆڭۈل قۇلۇلە پەلەمپەيدىن تۇققۇز سائەتتە ئاران چۈشۈپ بولغانلىقتىن، چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئىدى.

— پۇتۇڭنى نېمە دەپ ئىشىككە كىرگۈزۈۋالدىڭ؟ — دەپ كۈلدى قۇلۇلە.

— تازىمۇ شورپىشانە ئىكەنمەن، قارىمامسەن رەھىمدىل قۇلۇلە، ياردەم قىل.

— ھەي بالا... ساڭا ياغاچچى كېلىپ ياردەم بەرسە بولغىدەك. مەن بۇ ھۈنەرنى ئۆگەنمەپتىكەنمەن.

— پەرىزات كېلىپ ياردەم بەرسۇن.

— پەرىزات ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇنى ئويغىتىشنى خالىمايمەن.

— پۇتۇم كەچكىچە مۇشۇنداق تۇرۇۋېرەمدۇ؟ قانداق قىلىمەن ئەمىسە؟

— مەيەردىن ئۆتۈۋاتقان چۈمۈلىلەرنى ساناپ ئولتۇر، زېرىكمەيسەن.

— يەيدىغان بىر نېمە ئەپچىقىپ بەرسەڭچۇ؟ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى.

— مانا ھازىر، — دەپ ماڭدى قۇلۇلە.

ئۈچ سائەتتىن كېيىن، ئۇ بېشىغا بىر كۈمۈش تەخسىنى ئېلىپ چىقتى. تەخسىدە بىر نەچچە پارچە نان، بىر پارچە توخۇ گۆشى ۋە پىشقان تۆت تال ئۈرۈك بار ئىدى.

— بۇ پەرىزاتنىڭ ناشتىلىقنىڭ ئۈچۈن بەرگىنى.

بولارنى كۆرۈپ پىنوككىئو خۇشال بولۇپ كەتتى، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى بىلدى، چۈنكى نان ھاكتىن، تۇخۇ گۆشى قىپلىن قەغەزدىن، ئۆرۈك بولسا ئەينەكتىن ياسالغان ئىدى.

ئۇ ۋاقىراپ-جاقىراپ كومۇش تەخسىنى ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئاتتى ۋە بەكمۇ زورۇقۇپ كەتكەنلىكتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ھۇشىدىن كەتتى. ئۇ ھۇشىغا كەلگەندە كارۋاتتا ياتاتتى. پەرىزات بولسا يېنىدا تۇراتتى.

— بۇ قېتىم سېنى يەنە ئەپۇ قىلىمەن. ئەگەر ئۈچىنچى قېتىم يەنە گۇنا ئۆتكۈزسەڭ نېمە بولساڭ بول، — دېدى پەرىزات.

پىنوككىئو بۇندىن كېيىن ئوبدان بالا بولىمەن دەپ ۋەدە بەردى. دېگەندەك بىر يىلغىچە ئۇ ناھايىتى ياخشى يۈردى. ئىمتىھاندىن ئەلا ئۆتتى. پەرىزات خۇرسەن بولۇپ:

— ئەتە سېنىڭ ئارزۇيۇڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئەتىدىن باشلاپ سەن ياغاچ قوچاق ئەمەس، رەسمىي بالا بولىسەن.

پىنوككىئو بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قالتىس خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقىنى كۆرۈپ باقمىغان ئادەم ئۇنىڭ قانداق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. پىنوككىئو تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ھەممە دوستلىرىنى، ساۋاقداشلىرىنى چاقىرىدىغان بولدى. پەرىزات ئىككى يۈز ئىستاكان چاي، تۆت يۈز دانە قاتلىما نان تەييارلىدى. ئۇ كۈن پىنوككىئو ئۈچۈن ئىنتايىن بەختلىك كۈن. لېكىن......

ئەپسۇس، ياغاچ قوچاقنىڭ ھاياتىنى دائىم ئاشۇ «لېكىن» ۋەيران قىلىۋېتىپ باراتتى.

## ئوتتۇزىنچى باپ

پىنوككىئو ئۇشتۇمتۇتلا پەرىزاتتىن، دوستلىرىمنى زىيا-پەتكە چاقىرغىلى بېرىپ كېلەي، دەپ سورىدى.

— بارساڭ بار، بىراق ئېسىڭدە بولسۇن - قاراڭغۇ چۈشكىچە قايتىپ كەلگىن، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى پەرىزات.

— چەزمەن بىر سائەت ئىچىدە قايتىپ كېلىمەن.

— دىققەت قىل پىنوككىئو! بالىلارنىڭ چەزمەن دەپ ۋەدە بەرمىگى ئاسان، بىراق ئۇلار دائىم ۋەدىسىدە تۇرالمايدۇ.

— مەن باشقا بالىلارغا ئوخشىمايمەن، ۋەدەمدە تۇرىمەن،

— قېنى كۆرەمىز، ئەگەر گەپ ئاڭلىمايدىكەنسەن، كېيىن ناھايىتى چوڭ چاتاققا قالىسەن.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بالا ئاخىرى بەختسىزلىككە ئۇچرايدۇ.

— مەن بۇرنۇمغا خېلى يېدىم، — دېدى پىنوككىئو، — گەپ ئاڭلايدىغان بالا بولۇۋاتقىنىمنى كۆرۈۋاتىسىزغۇ.

— ۋەدەڭنىڭ راست - يالغانلىقىنى كېيىن كۆرىمىز.

تەخمىنەن بىر سائەتتىن سەللا كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئۇ ھەممە دوستلىرىنىڭكىگە باردى. بىر نەچچىسى دەرھال ماقۇل دېدى. بەزىلىرى ئارىسالدى بولۇپ قېلىشىدى، ياخشى نەرسىلەرنى يەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، «چەزمەن بارىمىز» دېيىشتى.

شۇنىمۇ بىلىپ قېلىڭلار، ئۇنىڭ دوستلىرى ئىچىدە رومئا

ئىسسىقلىق ئەڭ يېقىن دوستى بار ئىدى، ئۇنىڭ قىلچە بىر قىزىقىدىغان يېرى بولمىغاچقا شام پىلىگى دىگەن لەقىمى بار ئىدى.

شام پىلىگى مەكتەپ بويىچە شۇنچىلىك قوپال ھەم قىلىقسىز بالا ئىدى. لېكىن پىنوككىئو ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدى. شۇڭا ئۇنى ئەتىكى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ، ئالاھىدە ئىزلەپ بېرىپ تاپالمىدى. نەگە كەتكەندۇ؟ پىنوككىئو ھەممىلا يەرنى ئىزلىدى، ئاخىر ئۇنى بىر تامنىڭ تۈۋىدىن تاپتى.



— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى پىنوككىئو.

— يېرىم كېچىنى كۈتۈپ ئولتۇرىمەن، بىر يەرگە بارماقچى ئىدىم.

— نەگە بارىسەن؟

— يىراق بىر يەرگە، ئۇ يەر بۇ يەردىن كۆپ يىراق!

— سېنى ئىزلەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى.

— مېنى ئىزلەپ نېمە قىلاتتىڭ؟

— تېخى خەۋىرىڭ يوقمۇ؟

— نېمە ئىشنى دەيسەن؟

— ئەتىدىن باشلاپ مەن ياغاچ قوچاق ئەمەس، سىلەرگە ئوخشاش بالا بولىمەن.

— قالتىسقۇ!

— شۇڭا بىزنىڭ ئۆيگە بارغىن.

— مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ، بۈگۈن ئاخشام بىر يەرگە بارىمەن.

— قاچان ماڭىسەن؟

— ئاز قالدى.

— نەگە بارماقچىسەن؟

— يېڭى بىر مەملىكەتكە بارماقچىمەن، ئۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل يەر، ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك بىر باغچا دىگىنە.

— ئىسمى نىمىكەن؟

— ئۇلار ئۇ يەرنى ئويۇنچۇقلار مەملىكىتى دەيدىكەن، سەن ئىمىشقا بارمايسەن؟

— مەنمۇ؟ شۇنداق، بارمايمەن.

— خاتالىشىۋاتىسەن پىنوككىئو، ماڭا ئىشەنگىن، بارمىساڭ كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىسەن. بالىلارغا لايىق بۇنداق جاينى نەدىن تاپىسەن؟ ئۇ يەردە مەكتەپ، ئوقۇتقۇچى، كىتاپ دىگەن نەرسىلەر يوق. ئۇ كۆڭۈل ئېچىش مەملىكىتىدە ھىچكىم ئوقۇمايدىكەن. بىزنىڭ بۇ يەردە ھەپتىنىڭ ئالتىنچى كۈنى مەكتەپكە بارمايدۇ، ئۇ يەردە بولسا، يەكشەنبە كۈننى چىقىرىۋەتسەك ھەر كۈنى ھەپتىنىڭ ئالتىنچى كۈنى بولىدىكەن. ئويلاپ باقمامسەن، ئۇ يەردە دەم ئېلىش كۈنى بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن باشلىنىپ ئون ئىككىنچى ئاينىڭ

ئوتتۇز بىرىنچى كۈنىگىچە داۋام قىلىدىكەن. مۇشۇنداق قىلسا بىزنىڭ مەملىكىتىمىزگىمۇ باپ كېلىدۇ. مېنىڭچە، ھەممە مەملىكەت ئاشۇلاردىن ئۈگىنىشى كېرەك.

— ئۇنداقتا، سەن ئويۇنچۇقلار مەملىكىتىدە نېمە ئىش قىلماقچى؟

— ۋۇي، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئوينايسەن، كەچ بولغاندا ئۇخلايسەن، ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ يەنە ئوينايسەن، قانداق ياخشىمكەن؟

«ھىم» دىدى پىنوككىئو خۇددى «بۇ مەملىكەت ماڭىمۇ تازا باپ ئىكەن» دىگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— مەن بىلەن بىللە بېرىشنى خالامسەن؟

— بارمايمەن، بارمايمەن، بارمايمەن! مەن مېھرىۋان پەرىزاتقا ئوبدان بالا بولىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن. مۇشۇ ۋەدەم بويىچە ئىش قىلىمەن. بولمىسا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. كۈن ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆيگە كەتمىسەم بولمايدۇ. خەير، ساياھىتىڭنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىنى تىلەيمەن.

— ئالدىرىما، نىمانچە ئالدىرايسەن؟

— مەن ئاقكۆڭۈل پەرىزاتقا قاراڭغۇ چۈشكىچە قايتىپ كېلىمەن دىگەن.

— ئىككى مىنۇت توختا.

— ياق، كەچ بولۇپ كېتىدۇ.

— ۋۇي، ئىككى مىنۇتلا تۇرساڭ بولدى.

— پەرىزات خاپا بولىدۇ.

— خاپا بولسا بولمامدۇ، تىللاپ - تىللاپ توختاپ

قالىدۇ، — دېدى لۆكچەك شام پىلىگى.

— سەن زادى ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىسەن؟ يالغۇز بارامسەن ياكى باشقىلارمۇ بارامدۇ؟

— يالغۇز؟ ھەم، يۈزنەچچەيلەن بارىمىز!

— پىيادە بارامسىلەر؟

— پىيادە ئەمەس! مېنى ئېلىپ كېتىدىغانغا ھازىر ھاۋا كېلىدۇ.

— ئۇ ھاۋا كەلگەندە بىر كۆرۈۋالسام بوپتىكەن!

— نېمىشقا؟

— قانداق ماڭىدىغانلىغىنى كۆرۈپ باقسام دەيمەن.

— ئەگەر بىردەم تۇرساڭ ئۇلارنى كۆرىسەن.

— ياق، ياق! مەن ئۆيگە كېتەي.

— ھەي، يەنە ئىككى مىنۇتلا تۇر.

— ياق، مەن بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتىم. پەرىزات چوقۇم ئەنسىرەپ قالىدۇ.

— بىچارە پەرىزات! سېنى شەپەرەڭ يەپ كېتىدۇ دەپ قورقامدىغاندۇ؟

— يەنە بىر ئېيتقىنا، — دەپ سوراشنى داۋاملاشتۇردى پىنوككىئو، — سەن ئۇ مەملىكەتتە راستلا مەكتەپ يوقلۇغىنى بىلەمسەن؟

— مەكتەپ تۇرماق، مەكتەپنىڭ سايىسىمۇ يوق.

— ئوقۇتقۇچىمۇ يوقمىكەن؟

— بىرسىمۇ يوق.

— سەن زادى ئوقۇمايسەن؟

— نېمە دېگەن پەيزى مەملىكەت - ھە! — دېدى پىنوك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىمنو شـۆلگـەيلىرىنى ئېقىتـىپ، ـ مەن ئـۇ يەرگـە بېرىپ باقمىغـان بولسامۇ، لـېكىن ھەممە نـەرسە كۆز ئـالدىمغا كېلىۋاتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا نىمىشقا بارمايسەن؟

— ئىلاجىم يـوق. مەن ياخـشى بالا بولىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن. مۇشۇ ۋەدەمدە تۇرىمەن.

— ماقۇل، ئـۇنداق بولسا خوش. سـاۋاقداشلىرىـمغا سالام ئېيتىپ قويارسەن.

— خوش، يەنە كۆرۈشەرمىز. ئاق يول بولـسۇن ساڭا، ئۇ يەردە بىرنەچچە ياخشى دوست تېپىۋېلىشىڭنى تىلەيمەن.

شۇ گەپلەردىن كېيىن ياغاچ قـوچاق ئارقىسىغا يـېنىپ ئىككى قەدەم مېڭىپ بولۇپ توختاپ قالدى ۋە:

— ئۇ يەردە راستلا ھەپتىدە ئالتە كۈن شەنبە، بىر كۈن يەكشەنبە بولامدىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— چاتاق يوق.

— ئېيتـقىنا، ئۇ يـەردە راستلا دەم ئـېلىش بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپ 12 - ئـاينىڭ ئوتتۇز بىرىنچى كۈنىگىچە بولامدىكەن؟

— چاتاق يوق.

— نىمە دىگەن ئوبدان يەر - ھە ! — دىدى پىنوككىئو ۋە مېڭىپ بـولۇپ يەنە دىدى، — ئەمدى راستلا خوش، ئـاق يول تىلەيمەن.

— خەير، كۆرۈشەرمىز.

— قاچانراق ماڭىسەن؟

— مانا، ئاز قالدى.

— بولدىلا سىلەرنىڭ ماڭغىنىڭلارنى كۆرۈپ كېتەي.

— پەرىزاتچۇ؟
— بەرىبىر كېچىكتىم، يەنە بىر سائەت كېچىكسەممۇ ئوخشاش.
— بىچارە پىنوككىئو! پەرىزات تىللىسا قانداق قىلىسەن؟
— بولدى، تىللىسا تىللاۋەرمەمدۇ، تىللاپ - تىللاپ توختاپ قالىدۇ.

ئاڭغىچە قاراڭغۇمۇ چۈشتى. ئۇلارنىڭ سۆزى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى، تۇيۇقسىز يولدا پىل - پىل قىلغان بىر يورۇقلۇق كۆرۈندى، ئارقىدىنلا كانايىنىڭ خۇددى پاشا گىڭىلدىغاندەك ناھايىتى ئاجىز ئاۋازى ئاڭلاندى.



— ئۇلار كەلدى! — دېدى شام پىلىگى ئورنىدىن تۇرۇپ.
— ئۇلاردېگىنىڭ كىم؟ — پىچىرلىدى پىنوككىئو.
— مېنى ئېلىپ ماڭىدىغان ھارۋا. قانداق، سەن بارامسەن، بارمامسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئۇ مەملىكەتتىكى باللار راستلا ئوقۇمامدىكەن؟
— زادى، زادى ئوقۇمايدۇ!
— ئۇ راستلا قالتىس مەملىكەت ئىكەن!

## ئوتتۇز بىرىنچى باپ

ئاخىر ھارۋىمۇ يېتىپ كەلدى. ھارۋىنىڭ چاقى ئاغامچىلار بىلەن ئورىۋېتىلگەچكە تاراقلىغان ئاۋازلار ئاڭلانمايتتى. ھارۋىنى چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئون ئىككى جۈپ تەخەي سۆرەپ كېلىۋاتاتتى بۇ تەخەيلەرنىڭ رەڭگى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى كۆكۈش، بەزىلىرىنىڭ دۈمبىسى خۇددى قارىمۇچ ياكى تۇز سېپىۋەتكەندەك ئوخشاش بۇدۇر - چوقۇر ئىدى. يەنە بەزىلىرىنىڭ دۈمبىسى سېرىق، قارا، يول - يول چىپار ئىدى. قىزىق يېرى، بۇ ئون ئىككى جۈپ ئېشەكنىڭ پۇتىدا تاقىسى يوق بولۇپ، خۇددى ئادەمگە ئوخشاش ئاق قوي تېرىسىدىن ئۆتۈك كىيىۋالغان ئىدى.



ھارۋىكەشچۇ؟ ئۇ پۇدەپ قويغاندەك سىمىز، دۇپ-دۇگىلەك ئادەم بولۇپ، خۇددى يوغان بىر شارغىلا ئوخشايتتى. ئاغزىغا ئىككى ئالما سېلىشۋالغاندەك ئىككى قوۋزى كۆپۈپ، كولۇمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاجىز ۋە ئىنچىكە بولۇپ، گويا خوجايىنىغا سۈركىلىپ ئەركىلەۋاتقان مۈشۈكنىڭ مىياڭلىشىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

باللار ئۇنى كۆرۈپلا بەس-بەس بىلەن ھارۋىغا سەكرەپ چىقىشتى ۋە خەرىتىدىن تاپقىلى بولمايدىغان ماكان — ئويۇنچۇقلار مەملىكىتىگە قاراپ مېڭىشتى.

ھارۋىنىڭ ئۈستىدە 8 — 10 ياشلىق باللار خۇددى قۇتىغا قاچىلانغان ساردىن بېلىقىغا ئوخشاش قىسىلىپ، دېمىنىمۇ ئالالماي ئولتۇرۇشاتتى، لېكىن ھېچقايسىسى «ۋاي» دەپ ئىڭىشمايتتى، چۈنكى ئۇلار يەنە بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن كىتاپمۇ يوق، مەكتەپمۇ يوق، ئوقۇتقۇچىمۇ يوق مەملىكەتكە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىدۇ — دە! شۇڭا خوشال بولۇشۇپ، كۆزىگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەي قالغان ئىدى. جاپا تارتىشمۇ، بىئارام بولۇشمۇ، قورسىقى ئاچىشمۇ، ئۇسساپ كېتىشمۇ چىدىشاتتى.

ھارۋا توختىغاندىن كېيىن، سىمىز ھارۋىكەش شام پىلىگە قارىدى ۋە قاپاقلىرىنى سوزۇپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى — دە:

— ئېيتقىنا، چىرايلىق قوزام، سەنمۇ بىز بىلەن بىللە بەختىيار ماكانغا بارماقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە بارىمەن.

— بىراق ھارۋىدا سەن ئولتۇرغىدەك ئورۇن قالمىدى. قارا، مىدىر — سىدىر قىلغىلىمۇ بولمايدۇ.

— كېرەك يوق، — دېدى شام پىلىگى، — ھارۋىنىڭ ئىچىدە ئورۇن بولمىسا، سىرتىدا ئولتۇرىمەن، — ئۇ سەكرەپ چىقىپ ھارۋىكەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋالدى.

— ماۋۇ ئاغىنەڭچۇ؟ — دېدى ھارۋىكەش ناھايىتى سىپايىلىق بىلەن پىنوككىئوغا قاراپ، — سەنچۇ؟ سەنمۇ بىز بىلەن بارامسەن؟

— مەن بارمايمەن، — دېدى پىنوككىئو، ئۆيگە كېتىمەن، مەن ئوقۇپ ياخشى ئادەم بولىمەن.

— قالتىسقۇ!

— گېپىمگە كىر، پىنوككىئو، — دېدى شام پىلىگى، — بىز بىلەن بىللە بارغان بولساڭ قانداق ياخشى بولاتتى!

— بارمايمەن، بامايمەن، بارمايمەن!

— بىز بىلەن بىللە بارغان بولساڭ قانداق ياخشى بولاتتى! — دېدى بىرنەچچىسى.

— بىز بىلەن بىللە بارغان بولساڭ قانداق ياخشى بولاتتى! — دېيىشتى ھەممىسى.

— ئەگەر سىلەر بىلەن بىللە كەتسەم، پەرىزات نېمە دەيدۇ؟ — دېدى پىنوككىئونىڭ بارغۇسى كېلىپ.

— ئۇنى ئويلاپ نېمە قىلىسەن، بارىدىغان يېرىمىزنى ئويلا. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ھەممىمىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولىمىز، كەچكىچە ئوينايمىز.

پىنوككىئو گەپ قىلماي ئۇلۇق - كىچىك تىنىپ قويدى، ئارقىدىن يەنە ئىككى قېتىم ئۇلۇق - كىچىك تىنىدى، ئۈچىنچى قېتىم بولغاندا ئۇ:

— ئولتۇرىدىغان ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار، باراي، — دېدى.

— ئورۇن يوق، — دېدى ھارۋىكەش، — ئەگەر بارساڭ مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرغىن.

— سىز نەدە ئولتۇرىسىز؟

— مەن ماڭسام بولىدۇ.

— ياق، پىيادە ماڭسىڭىز بولمايدۇ. مەن ئېشەككە مىنىۋالاي، — دېدى پىنوككىئو.

ئۇ ئالدىدىكى ئېشەكنىڭ يېنىغا بېرىپ مىنمەكچى بولۇۋىدى، ئېشەك بىرلا چىچاڭلاپ، ئۇنى يىقىتىۋەتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بالىلارنىڭ ئەدەپسىزلىك بىلەن قانچىلىك كۈلۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار!

پىنوككىئو غەزەپلىنىپ، يەنە بىر سەكرىدى - دە، مىنىۋالدى. بۇ قېتىم ئۇ ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن مىنىۋالغاچقا، بالىلار خۇشال بولۇشۇپ:

— ياشىسۇن پىنوككىئو! - دەپ تۇۋۇلاشتى ۋە قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

ئۇلار ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئېشەك يەنە چىچاڭلىدى. پىنوككىئو دۈۋىلەگلىك شېغىلنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. بالىلار يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى. لېكىن ھارۋىكەش كۈلمىدى، بەلكى كېلىپ ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا بىر نىمە دەپ پىچىرلىدى - دە، پىنوككىئوغا قاراپ:

— ئەمدى مىن، قورقما، گەپ قىلىپ قويدۇم، چىچاڭلىمايدۇ، — دېدى.

پىنوككىئو مىندى، ھارۋىمۇ مېڭىپ كەتتى. ئېشەك لەر ئۇچقاندەك كېتىۋاتقاندا پىنوككىئو: «بىچارە ئەخمەق، ماقۇل دەپ كېتىۋاتقىنىنى قارا، كۆرگۈلۈكۈڭنى ئەمدى كۆرىسەن!» دېگەن غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى.



پىنوككىئو چۆچۈپ كېتىپ، ئەتراپىغا قارىدى، بىراق ھېچكىم يوق ئىدى. ئېشەكلەر چېپىشماقتا، ھارۋا ئالغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ھارۋىنىڭ ئۈستىدىكى باللار ئۇيقۇغا چۆشكەن ئىدى. شام پىلىگى بولسا چوشقىدەك خورەك تارتىۋاتاتتى. ھارۋىكەش غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى:

پۈتۈن ئالەم ئۇيقۇدا،

مەنلا پەقەت......

خېلى ماڭغاندىن كېيىن پىنوككىئونىڭ قۇلىقىغا يەنە مۇنداق گەپلەر ئاڭلاندى: «ئېسىڭدە بولسۇن ئەخمەق، بۇ باللار ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، مەكتەپ دېگەننى بىلمەيدۇ،

كىتاپ دىگەنگە قارىمايدۇ. ئوينىغاندىن باشقا ھېچ ئىش قىلمايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ياخشى ئىش ئەمەس، مېنىڭ بۇرنۇمغا سۇ كىرگەن. شۇڭا ھەممىنى بىلىمەن، ھازىر بۇ توغرىدا كۆپ گەپ قىلمايمەن. سەنمۇ ئاخىر بىركۈنى ماڭا ئوخشاش يىغلايسەن، بىراق ۋاقتى ئۆتكەن بولىدۇ».

ياغاچ توچاق ئاستا ئېيتىلىۋاتقان بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ ھەيران بولدى. ئۇ سەكرەپ چۈشۈپ ئىشەكنىڭ بۇرنىغا قولىغىنى يېقىن قىلىپ تىڭشىدى، غەلىتە ئىش ـ ھە؟ بۇ ئىشەك خۇددى كىچىك بالىدەك يىغلاۋاتاتتى.

— ھارۋىكەش ئەپەندىم، — دىدى پىنوككىئو، — بۇ ئىشەك يىغلاۋاتامدىغۇ؟

— يىغلىسا يىغلاۋەرسۇن، ئازراق سامان بەرسەك كۈلىدۇ.

— ئۇ گەپ قىلىشنى نەدىن ئۈگىنىۋالغان؟

— ئۇ بۇرۇن بىر مەملىكەتكە بېرىپ مەلۇم مەزگىل تۇرغان. شۇ يەردە بىرنەچچە ئېغىز گەپنى ئۈگىنىۋاپتۇ.

— بىچارە ھايۋان!

— ئىشەكنىڭ يىغلىغىنىغا ئىچىڭنى ئاغرىتىپ ئاۋارە بولماي، مىنىۋال، مېڭىۋەرەيلى، كېچىسى ھاۋا سوغاق، يول تېخى يىراق.

پىنوككىئو گەپ قىلمىدى. ھارۋا يەنە مېڭىپ كەتتى. ئەتىسى كۈن چىققاندا ئۇلار ئويۇنچۇقلار مەملىكىتىگە يېتىپ كەلدى.

بۇ مەملىكەت دۇنيادىكى ھېچقانداق مەملىكەتكە ئوخشىمايتتى. ھەممىسىلا چوڭى 13 ياشلىق، كىچىگى 8 ياشتىن تۆۋەن ئۇششاق بالىلار ئىدى، كوچا كىشىنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ۋاقىراش ـ جاقىراش ۋە كاناي ناۋازلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن تولغان، ھەممىلا يەردە توپ - توپ بالىلار كۆزگە چېلىقاتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تاش ئېتىشىپ ئويناۋاتاتتى، بەزىلىرى ھەر خىل توپلارنى ئويناۋاتاتتى، بەزىلىرى ۋەلسىپىت ۋە ياغاچ ئاتلارغا مىنىشىۋالغان ئىدى. بەزىلىرى مۈككۈشمەك ئويناۋاتاتتى. بەزىلىرى ناخشا ئېيتسا، بەزىلىرى ئورۇندۇقلارنىڭ ئۈستىدىن سەكرىشەتتى. بەزىلىرى موللاق ئېتىشىپ، ئىككى قولى بىلەن يەر دەسسەپ ئويناۋاتاتتى، يەنە بەزىلىرى پۇتىنى بېشىغا يەتكۈزۈپ ئويناۋاتاتتىە بەزىلىرى كۈلەتتى، ۋاقىرايتتى، ئىسقىرتاتتى، بەزىلىرى يېڭىلا تۇخۇم تۇققان مېكىياننى دوراپ قاقاقلىشاتتى...... ئىش قىلىپ بۇ يەر شۇنچىلىك قالايمىقانچىلىق بىلەن تولغانكى، قۇلاققا پاختا تىقىۋالماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

پىنوككىئو، شام پىلىگى ۋە نۇرغۇن بالىلار بۇ مەملىكەتكە يېڭى كېلىپلا بىر ھەپتىگىچە ئەتراپنى ئايلاندى ۋە - كۆپچىلىك بىللە بىلەن ئوينىدى. «پاھ، بۇ نىمە دېگەن گۈزەل تۇرمۇش - ھە!» دەيتتى پىنوككىئو ۋە شام پىلىگىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەيتتى. ئېيتىڭلارچۇ. بۇ يەردىكى ئويۇنلاردىن ھەممىدى بەكرەك كىم كۆپ رازى بولدى؟

- قارا، مېنىڭ دېگىنىم راسىمكەن؟ - دېدى شام پىلىگى، - تېخى بارمايمەن دەيسەن، پەرىزاتنىڭ ئۆيىگە بارغان بولساڭمە كتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. مەكتەپنىڭ بويۇنتۇرۇغىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىككە ئىگە بولغانلىقىڭ ئۈچۈن رەھمەت ئېيتساڭ بولىدۇ، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى بىلگەن ئادەمنى دوست تۇت.

- توغرا، شام پىلىگى، ئەگەر بۈگۈن ئۆزەمنى ئەركىن، بەختىيار بالا دەيدىغان بولسام، بۇنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە ساڭا مەنسۇپ، مۇئەللىم دائىم ماڭا: «شام پىلىگى بىلەن

ئوينىما، ئۇ ناھايىتى ئەسكى» دەيدىغان.

— ھەي، بىچارە مۇئەللىم! — دىدى باشقا بىر بالا بېشىنى چايقاپ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇ مەملىكەتتە بەش ئاي تاماشا قىلدى. بۇ جەرياندا، ئۇلار كىتاپنىڭ بىرۋاراقىنىمۇ كۆرمىدى. بىر مىنۇتمۇ ئۆگىنىش قىلىپ باقمىدى، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئوينىدى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى پىنوككىئو ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ غەلىتە بىر ئىشنى كۆردى — دە، قاتتىق مەيۇسلەندى.

## ئوتتۇز ئىككىنچى باپ

بۇ غەلىتە ئىش نىمە؟ سۆيۈملۈك كىچىك كىتاپخانلىرىم، بۇنى مەن سىلەرگە ھازىر سۆزلەپ بېرىمەن. بىر كۈنى ئەتىگەندە پىنوككىئو ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ بېشىنى سىلىغۇدى، قولى ئاجايىپ بىر نەرسىگە ئۇرۇلدى، سىلەر دەپ بېقىڭلار، ئۇ نىمىدۇ؟ بۇ، ياغاچ قوچاقنىڭ قۇلىقىنىڭ ئەزەلدىن ناھايىتى كىچىك ئىكەنلىگىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر، لېكىن ئۇ ھازىر ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇپ بېقىپ، ئىككى قۇلىقىنىڭ ئۇزىراپ كەتكەنلىگىنى بىلدى، غەلىتە ئىش — ھە! ئۇ دەرھال ئەينەككە قاراپ باقماقچى بولدى، لېكىن ئەينەك تاپالمىدى، ئاخىر بىر داسقا سۇ قۇيۇپ، سۇدا ئۆزىنىڭ شولىسىنى — مۇتلەق كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئۇزۇن ۋە چىرايلىق ئىككى قۇلاقنى كۆردى.

پىنوككىئونىڭ قانچىلىك قايغۇرۇپ كەتكەنلىگىنى ۋە قانچىلىك ئىزا — ئەلەمدە قېلىپ ئۇمىتسىزلىنىپ كەتكەنلىگىنى ئۆزەڭلار ئويلىۋېلىڭلار...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇ بېشىنى تامغا ئۇرۇپ، ھۆكىرەپ يىغلىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىككى قۇلىغى ئۇزىرا - ئۇزىرا تاكى تۇك چىقىپ بولغىچە ئۇزىراۋەردى.

بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئۆيدە بىر چاشقان تۇراتتى. ئۇ پىنوككىئونىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە ياغاچ قوچاقنىڭ باشقىچە ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ سورىدى:

— سۆيۈملۈك ھەمىنىم، نىمە بولدىڭىز؟

— ئاغرىپ قالدىم، بۇرادەر چاشقان، قاتتىق ئاغرىپ قالدىم. مەن كېسەلدىن قورقۇۋاتىمەن. تومۇر تۇتۇشنى بىلەمسەن؟

— ئاز - پاز بىلىمەن.

— ئۇنداق بولسا كۆرۈپ باققىن، ئىسسىتمام ئېشىپ كەتتىغو دەيمەن.

چاشقان پىنوككىئونىڭ ئالقىنىغا تاپىنىنى قويۇپ بىردەم تومۇر تۇتقاندىن كېيىن:



— دوستۇم، مەن ئىنتايىن قايغۇرۇۋاتىمەن، ساڭا بىر شۇم خەۋەرنى ئېيتماقچىمەن، — دېدى.

— نېمە شۇم خەۋەر؟

— سەن يامان خاراكتېرلىق بىر خىل ئىسسىتما كېسىلى بولۇپ قاپسەن.

— قايسى خىلدىكى؟

— ئېشەكلەردە بولىدىغان ئىسسىتما كېسىلى.

— بۇنىڭ قانداق كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى پىنوككىئو، لېكىن كۆڭلىدە ھەممىنى چۈشىنىپ بولغان ئىدى.

— مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي، بىلىۋالغىن، يەنە ئىككى، ئۈچ سائەتتىن كېيىن سەن ئېشەككە ئايلىنىسەن، ئېشەك بولغاندىمۇ رەسمىي ئېشەك، سەن چۈشۈپ كەلگەن ھارۋىنى سۆرىگەن ئېشەكلەرگە ئوپمۇ-ئوخشاش.

— ۋايجان، قانداق قىلارمەن؟ ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — پىنوككىئو ئازابلىنىپ ۋاقىرىۋەتتى ۋە ئىككى قولىنى جېنىنىڭ

بىرىنچە تارتقىلى تۇردى.

— سۆيۈملۈكۈم، — دېدى چاشقان، — ئۇنداق قىلغىنىڭنىڭ نېمە پايدىسى، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، كىتاپلاردا: ئوقۇشنى خالىمايدىغان، كىتاپ ۋە ئوقۇتقۇچىنى كۆرسە بېشى ئاغرىيدىغان، ئەتىدىن كەچكىچە ئويۇندىن باش كۆتەرمەيدىغان بالىلار ئېشەككە ئايلىنىپ قالىدۇ، دەپ يېزىلغان.

— راستمۇ؟ — سورىدى ياغاچ قوچاق.

— ئەلۋەتتە راست، ئەمدى يىغلىغىنىڭ بىكار، بۇرۇنراق ئويلىغان بولساڭ بولاتتى.

— مەندە گۇنا يوق، ئىشەنگىن، ھەممىنى قىلغان شام پىلىگى، گۇنا شۇنىڭدا.

— شام پىلىگى دېگىنىڭ كىم؟

— مېنىڭ بىر ئاغىنەم. مەكتەپكە بېرىۋاتاتتىم، ئاقكۆڭۈل پەرىزاتنىڭ ئوبدان بىر بالىسى بولماقچى ئىدىم، ئاشۇ شام پىلىگى ماڭا: «ئويۇنچۇقلار مەملىكىتىدە بىرمۇ ئادەم ئوقۇمايدۇ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئوينايمىز» دېدى.

— نېمىشقا يامان بالىلارنىڭ گېپىگە كىردىڭ؟

— نېمىشقا دەمسەن؟ چۈنكى مەن بىر ئەخمەق، ۋىجدانسىز ياغاچ قوچاقمەن. ھەي، ئەگەر مەندە ئازغىنا ۋىجدان بولىدىغان بولسا، پەرىزاتتىن ئايرىلمىغان بولاتتىم. ئۇ ماڭا خۇددى ئۆز ئانامدەك ئامراق ئىدى، ماڭا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلغان. بۇ چاقىچە مەن ياغاچ قوچاق ئەمەس، باشقا بالىلارغا ئوخشاشلا ئوبدان بىر بالىغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتىم. ھەي، مەن ئاشۇ شام پىلىگىنىڭ قېشىغا بارمىغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى!

ئۇ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ ماڭدى، بىراق ئېشەكنىڭ-



www.uyghurkitap.com

كېمەك ئىككى قولىغى يادىغا كېلىپ، ناھايىتى ئىزا تارتىپ كەتتى. ئۇنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى تېپىڭلارچۇ؟ ئۇزۇن بىر بۆك ياساپ قولىقىنى ئىچىگە تىقىپ كىيىۋالدى - دە شام پىلىگىنى ئىزلەپ ماڭدى. كوچىلارغا، مەيدانلارغا، ئويۇنخانىلارغا - ھەممىلا يەرگە بارغان بولسىمۇ، ئۇنى تاپالمىدى. باشقىلاردىن شام پىلىگىنى كۆردۈڭلارمۇ، دەپ سورىدى. ھەممىسى كۆرمىدۇق دېدى. ئاخىر ئۇ شام پىلىگىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىكىنى چەكتى.

— كىم؟ — دېدى شام پىلىگى ئۆينىڭ ئىچىدە تۇرۇپ.

— مەن، — دېدى پىنوككىئو.

— توختاپ تۇر، ئىشىكنى ھازىر ئاچىمەن.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى. پىنوككىئو ئۆزىگە ئوخشاش قولىقىنى باستۇرۇپ ئۇزۇن بۆك كىيگەن ئاغىنىسىنى كۆردى - دە، كۆڭلى سەل ئورنىغا چۈشۈپ: «ئۇمۇ جەزمەن ماڭا ئوخشاش كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ. ئىشەكلەردە بولىدىغان ئىسسىتما كېسىلى ئۇنىڭغىمۇ يۇقۇپتۇ» دەپ ئويلىدى ۋە ھېچنېمىنى بىلمىگەندەك بولۇپ ئۇنىڭدىن:

— تېچلىقمۇ، سۆيۈملۈكۈم شام پىلىگى؟ — دەپ خوشال ئەھۋال سورىدى.

— قايماق چىنىسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان چاشقاندەك تۇرۇۋاتىمەن.

— بىرنەرسىنى سوراي، ئېيتامسەن؟

— ماڭا يالغان گەپ قىلىمەنمۇ؟

— نېمىشقا بۇنداق ئىگىز بۆك كىيىۋالدىڭ؟

— تېزدىن سوۋۇلۇپ كەتكەن ئىدى، — دوختۇر كىنگۈزۈپ قويدى. — پىنوككىئو، ئۆزەڭچۇ؟ بۇنداق بۆكنى سەنمۇ كىيىۋاپسەنغۇ؟

— پۈتۈمدا بىرقاداق پەيدا بولۇپ قېلىۋېدى، — دوختۇر كىنگۈزۈپ قويدى.

— ھەي، بىچارە پىنوككىئو!

— ھەي، بىچارە شام پىلىكى!



بۇ ئىككى دوست خىجىلىقچە جىم بولۇشۇپ بىر بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئاخىر ياغاچ قونچاق مۇلايىملىق بىلەن:

— بۆكۈڭنى بىردەم بېشىڭدىن ئېلىۋەتسەڭچۇ؟ — دېدى.

— ياق، ھەرگىز ئالمايمەن! سەنچۇ؟

— مەنمۇ ھەرگىز ئالمايمەن! بىر قۇلىقىم قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ.

— مېنىڭمۇ ئاغرىۋاتىدۇ.

— سېنىڭمۇ ئاغرىۋاتامدۇ؟ قايسى قۇلىقىڭ؟

— ئىككىلىسى، سېنىڭچۇ؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ.
— شام پىلىگى، سەن مەن بىلەن دوستمۇ؟
— جان دوست دىگىنە!
— ئۇنداق بولسا قۇلىغىڭنى كۆرۈپ باقاي.
— ھىم، بولمايدۇ! ئاۋال سىنىڭكىنى كۆرۈپ باقاي.
— ياق، ئاۋال سەن كۆرسەت.
— ياق، مەن دائىم سىنىڭدىن كىيىن تۇرىمەن ئەمەسمۇ!
— ئۇنداق بولسا، — دىدى ياغاچ قوچاق، — ئىككىمىز بىر كىلىشىم تۈزەيلى.
— ماقۇل.
— ئىككىمىز بۆكىمىزنى تەڭلا ئالىمىز.
— بولىدۇ.
— ئۇنداق بولسا ماڭا قارا، — پىنوككىئو ساناشقا باشلىدى، — بىر، ئىككى، ئۈچ!
«ئۈچ» بىلەن تەڭ ئۇلار بۆكلىرىنى ئىلىشىپ بىر بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ھەتتا تىلىقىپ قوساقلىرى ئاغرىپ كەتكىچە كۈلۈشتى. شام پىلىگى ئۈشتۈمتۈت كۈلكىدىن توختاپ، تاتىرىپ كەتتى ـ دە، دوستىغا قاراپ ۋاقىرىدى:
— مىنى قۇتقۇزۇۋال! ۋاي، پىنوككىئو مىنى قۇتقۇزۇۋال!
— نىمە بولدى؟
— ۋاي خۇدايىم، ئۆرە تۇرالمايۋاتىمەن!
— مەنمۇ شۇنداق بولۇۋاتىمەن! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى پىنوككىئومۇ.
شۇ ئەسنادا ھەر ئىككىسىنىڭ بىلى ئىگىلىپ، ئىككى قولى يەرگە تەگدى ـ دە، پۇتقا ئايلىنىپ قالدى. چىرايلىرىمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، بەدەنلىرىدىن توك ئۈنۈپ چىقىشقا باشلىدى،

www.uyghurkitap.com

بۇلا ئەمەس، تېخىمۇ چاتاق بولغىنى، ئىككىسىنىڭ كەينىدە ساڭگىلاپ تۇرغان قۇيرۇق پەيدا بولدى. ئۇلار ئازاپلىناتتى، نومۇس قىلاتتى، گەپ قىلماقچى بولۇشاتتىيۇ، بىراق قىلىشالمايتتى. يىغلاي دېسىمۇ ئاۋازى چىقمايتتى. پەقەت ئىشەككە ئوخشاش «هاڭ - هاڭ - هاڭ» قىلغان ئاۋازلا چىقاتتى.

دەل شۇ پەيتتە ئىشىكنى بىرسى چەكتى ۋە:

— ئىشىكنى ئېچىش! مەن سىلەرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن هارۋىكەش. چاققان ئېچىش، ئېچىشمايدىغان بولساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈشىسەن! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باپ

ئىشىك ئېچىلمىغاندىن كېيىن، هارۋىكەش بىر تېپىپ ئىشىكنى ئاچتى — دە، ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— ياخشى، بالىلار، خېلى جايىدا هاڭراۋاتىسىلەر، ئاۋازىڭلاردىنلا تونۇۋالدىم. ئەمدى سىلەرنى ئېلىپ چىقىپ كېتەي، — دېدى ئۇ سىلىق گەپ قىلىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بۇ ئىككى تەخەي باشلىرىنى ئېگىپ، قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ، قۇيرۇقلىرىنى چاتىرىغا تىقىشىپ جىم تۇرۇشتى.

هارۋىكەش ئاۋال ئۇلارنىڭ دۈمبىسىگە ئاستا ئۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۈكلىرىنى تارىدى ۋە ئىككى تال تاسما بىلەن بويۇنلىرىدىن باغلىدى، بىردەمدىن كېيىن تۈكلىرى ئەينەكتەك پارقىراپ كەتكەن بۇ ئىككى ئىشەكنى سېتىۋېتىش ئۈچۈن بازارغا يېتىلەپ ماڭدى.

خېرىدارمۇ چىقتى. شام پىلىگىنى بىر دېخان سېتىۋالدى، ئۇنىڭ ئىشىگى قاتتىق ئىشلەپ تېخى ئالدىنقى كۈنى ئۆلۈپ قالغان ئىكەن. پىنوككىئونى بولسا، ئويۇنچى ئىشەك قىلىپ ئۆگىتىشكە ئات ئويۇنى تىياتىرخانىسىدىكى بىر ئادەم سېتىۋالدى.



مېنىڭ كىچىك كىتابخانلىرىم، بۇ ھارۋىكەشنىڭ قانداق سودىگەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋاتقانسىلەر؟ يۈزلىرى خۇددى سۈت بىلەن ھەسەلدىن ياسالغاندەك پارقىراپ كەتكەن بۇ ئەبلەخ دائىم ھارۋىسىنى ھەيدەپ، جاھان كېزەتتى. كىتاپ ئوقۇشتىن ۋە مەكتەپكە بېرىشتىن قاچقان تەرسا باللارنى يىغىپ ئويۇنچۇقلار مەملىكىتىگە ئېلىپ كېلەتتى - دە، ئەتىدىن كەچكىچە ئوينىتاتتى. ئالدام خالتىغا چۈشكەن بۇ باللار بىرنەچچە ۋاق ئوينىغاندىن كېيىن ئىشەك بولۇپ قالاتتى. ئاندىن ئۇ ئۇلارنى بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. ئۇ مۇشۇ يول بىلەن باي بولغان بىر نىمە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شام پىلىگىنىڭ كېيىن قانداق بولغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق، لېكىن پىنوككىئونىڭ ئەھۋالىنى بىلىمەن. ئۇ ئىنتايىن جاپا ۋە ھېرىش - چارچاش بىلەن ئۆتتۈۋاتاتتى. يېڭى خوجايىن ئۇنى ئېغىلغا ئەپكىرىپ ئوقۇرغا باغلىدى - دە، ئالدىغا پاخال تاشلاپ بەردى. بىراق، پىنوككىئو ئاغزىنى يەپلا قۇسۇۋەتتى. خوجايىن ئۇنى تىللاپ يەنە بىر ئاز سامان تاشلاپ بەردى. پىنوككىئو سامانىنى يىمىدى.

— ھىم، سەن تېخى سامان يىمەمسەن؟— دېدى خوجايىن ئاچچىقلاپ،— ماقۇل، مەن سېنىڭ بۇ غەلىتە مىجەزىڭنى ئۆزگەرتىپ باقاي.

ئۇ قامچىنى قولىغا ئېلىپ ئىشەكنىڭ پۇتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. پىنوككىئو ئاغرىق ئازاۋىغا چىدىماي، گويا: «پاخال ماڭا سىڭمەيدۇ» دەۋاتقاندەك سوزۇپ ھاڭرىۋەتتى.

— ئۇنداق بولسا سامانىنى يە!— دېدى خوجايىن خۇددى ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنگەندەك.

— ھاڭ، ھاڭ، ھاڭ! سامان يىسەم بېشىم ئاغرىيدۇ.

— سەن ئىشەك تۇرۇپ، تېخى چۈجە گۆشى بىلەن پىشقان توخۇ گۆشىنى يىمەكچىمىدىڭ؟— خوجايىن قامچىسىنى ئىگىز كۆتەردى.

ئىككىنچى قېتىم ئەدەۋىنى يىگەندىن كېيىن، ئىشەك ئەدەپلىك، ئېغىر - بېسىق بولۇپ، گەپ قىلمايدىغان بولدى. ئېغىلنىڭ ئىشىگى تاقىلىپ، پىنوككىئو يالغۇز قالدى. نەچچە سائەت بىر نەرسە يىمىگەچكە قوسىقى بەكمۇ ئاچقان ئىدى. ئۇششۇمتۇت ئۇ ئاغزىنىڭ يوغىناپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قورقۇپ ئەرۋايى ئۇچتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ھەممە يەرگە قاراپ باقتى، ئوقۇر-

دىكى سامانىدىن بۆلەك يېگىلى بولىدىغان ھېچنىمە يوق ئىدى، شۇڭا ئامالسىز ئازراق سامانىنى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە ئۆزى: «سامانمۇ ئانچە يامان ئەمەس ئىكەن، بىراق ئۆيدىن قاچمىغان بولسام ئوبدان بوپتىكەن! ئەمدى ماڭا بۇنىڭدىن باشقا يەيدىغان ئوبدان نەرسە يوق، ئاھ خۇدا! ئاھ خۇدا!» دېدى.

ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغىنىپلا ئوقۇرغا قاراپ، سامان- نىمۇ يەپ بولغانلىقىنى بىلدى ۋە تەمى قانداقراق كىن دەپ، شال پاخلىسىدىن بىر چىشلەم يەپ باقتى، بۇنىڭ تەمى ئۇنىڭ بىلەن گۈرۈچ تامىقىدەك ئوبدان بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شال پاخلىسىنىمۇ يېدى.

ئۇ يەيدىغاننى يەپ بولغاندىن كېيىن نالە قىلىپ كەتتى: «ئاھ خۇدا! ئەگەر مېنىڭ مۇشۇ بەختسىزلىكلىرىمدىن باشقا بالىلار ئىبرەت ئالىدىغان بولسا، مەن ناھايىتى خوشال بولغان بولاتتىم! خۇدا، ئاھ خۇدا!»

— ھەي ئىشەك! — دېدى خوجايىن كىرىپ كېلىپ، — مەن سېنى نىمىشقا سېتىۋالغىنىمنى بىلەمسەن، مەن سېنى يېسۇن، ئىچسۇن، ئوينىسۇن دەپ سېتىۋالدىممۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس! سېنى ماڭا پۇل تېپىپ بېرىدۇ دەپ سېتىۋالدىم. بۇياققا كەل، مەن ساڭا سەكرەشنى، تازىم قىلىشنى ئۆگىتىمەن. سەن ئۇسۇل ئويناشنى، ئارقا پۇتلىرىڭ بىلەن تىك تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭ كېرەك!

بىچارە پىنوككىئو ئۈچ ئايدىن كېيىن مىڭ بىر مۇشەق- قەتلەر بىلەن ھەممە ھۈنەرنى ئۆگەندى. بىراق خوجايىنىنىڭ تاپىغىنىمۇ خېلى يېدى.

كۈتكەن كۈن يېتىپ كەلدى. خوجايىن ئەڭ ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نومۇرلارنى ئاشكارا ئويناپ چىقىشنى جاكالىدى: رەڭمۇ - رەڭ قەغەزلەرگە يېزىلغان ئويۇن ئېلانى ھەممىلا يەرگە چاپلاندى. ئېلاندا مۇنداق يېزىلغان:

سەنئەت كېچىلىكى
بۈگۈن ئاخشام ئۆتكۈزۈلىدۇ
ھەيران قالارلىق ئاجايىپ نومۇرلار ئوينىلىدۇ
ئۆمىگىمىزدىكى بارلىق سەنئەتچىلەر ۋە
مەشھۇر ئاتلار ئورۇنلايدۇ،
ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئاتاقلىق
ئۇسۇلچى ئېشەك
پىنوككىئو
تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىقىدۇ
ئويۇنخانىمىزنىڭ ئىچى كۈندۈزدەك يوپ — يورۇق

شۇ كېچىنى سىلەر ئاسانلا كۆز ئالدىڭلارغا كەلتۈرەلەيسىلەر. ئويۇن قويۇلۇشتىن بىر سائەت ئىلگىرى زالنىڭ ئىچىدە بىرمۇ بوش ئورۇن قالمىدى. ئويۇنخانىنىڭ ئىچى چوڭ - كىچىك بالىلار بىلەن تولغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتاغلىق ئېشەك — پىنوككىئو ئۇسۇلىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.

— ھۆرمەتلىك ئەر - ئايال تاماشىبىنلار، ئويۇن قويۇش ئۆمىگىمىز سەپەر ئۈستىدە كېتىپ بېرىپ، پايتەختىڭلارغا كېلىپ قالدۇق، ئېشىكىمىزنىڭ ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا ئۆز ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزەمنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىۋاتىمەن. بۇ ئېشەك ياۋروپادىكى ھەر - قايسى مەملىكەت پادىشالىرى ئالدىدىمۇ ئۇسۇل ئويناپ بېرىپ،

شان ـ شەرەپلەرگە ئىگە بولغان.

بۇ سۆز كۆپچىلىكنى كۈلدۈرۈۋەتتى ۋە كۈچلۈك ئالقىش ئۇزۇنغىچە داۋام قىلدى. بۇ ئالقىش ئىشەك پىنوككىئو سەھنىگە چىققاندىن كېيىن خۇددى بوراندەك تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئىشەككە ناھايىتى چىرايلىق گىرىم قىلىنغان ئىدى — ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان يېڭى تاسما چۇلۋۇرىدا ئاپپاق تۈچ ھالقىلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئىككى قۇلىقىغا ئىككى دەستە ئاق چايگۈل قىستۇرۇلغان، ئالتۇن ـ كۈمۈش تۇتۇلغان كەڭ بەلۋاغ بېلىگە ئورالغان، قۇيرۇقىغا رەڭمۇ ـ رەڭ چىرايلىق تاۋار لېنتىلار ئۆرۈلگەن ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ دۇنيادىكى ئىشەكلەرنىڭ كاتتىسىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

دەسلەپكە بىرنەچچە نومۇرلار ئوينىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخشىمى كىيىۋالىدىغان يەكتەك، ئاپپاق ئىشتان، پۇتىغا چاققانغىنا قارا ئۆتۈك كىيىۋالغان خوجايىن سەھنىگە چىقىپ، تاماشىبىنلارغا تازىم قىلدى ۋە ۋاقىراپ تۇرۇپ بايىقى سۆزنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، مەن بۇ يەردە ھەرقايسىڭلارنىڭ ۋاقتىنى ئالماقچى ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ بۇ جانىۋارنى تەربىيىلەش، ئۆگىتىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى ئازراق سۆزلەپ بېرەي. قاراڭلار، ئۇنىڭ كۆزلىرى نىمە دىگەن ۋەھشى، ياۋۇز! ماڭا ئۇنى تەربىيىلەش، ئۆگىتىش ئارقىلىق باشقا ئۆي ھايۋاتلىرىدا ئوخشاش مۇلايىملاشتۇرۇش پەقەتلا مۇمكىن بولمايدىغاندەك كۆرۈنگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا رەھىمدىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلدىم، لېكىن

ئۇ بۇنى بىلمەيدى، ئۇنىڭ بىلەن قامچىغا تايىنىپ سۆزلەشتىم، ئاخىر ئۇ ماڭا بوي سۇندى. كېيىن مەن ئۇنىڭ بېشىدىكى ماۋۇ كىچىككىنە نەرسىگە دىققەت قىلدىم. بۇنى كۆرۈش ناھايىتى قىيىن، لېكىن سىلاش ناھايىتى ئاسان. پارىژ مېدىتسىنا ئالىملىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا مۇشۇ نەرسە بولغاندىلا ئۆسۈل ئويناش ھەۋىسى ئىپادىلىنىدىكەن. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئۆسۈل ئويناش سەنئىتىنى ئۆگەتتىم. نەتىجە قازىنالاپتىمەنمۇ — يوق، ئەمدى ھۆرمەتلىك تاماشىبىنلار ئۆز تەنقىدىنى بېرىپ باقسا ......

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، كۆپچىلىككە تازىم قىلدى - دە،



— پىنوككىئوغا:
— سەن ئويۇنۇڭنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا تازىم قىل! — دېدى.
پىنوككىئو تىزلىنىپ يەرگە چۆكتى. خوجايىن قامچىسىنى ئوينىتىپ:
— قەدەملەپ ماڭ! — دېگەندىن كېيىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ سەھنىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى.
— يۈگۈر!
پىنوككىئو يۈگۈردى.
— تېز يۈگۈرۈشكە ئۆت!
پىنوككىئو تېز يۈگۈرۈشكە باشلىدى.
— ئەمدى ئەڭ تېز سۈرئەتتە يۈگۈر!
پىنوككىئو ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ تازا يۈگۈرۈۋاتقاندا خوجايىن تاپانچىسىنى



چىقىرىپ ئەككى پاي ئوق ئاتتى.
ئىشەك ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يارىدار بولغاننى دوراپ يەرگە يىقىلدى-دە، ئۆلگەندەك جىمجىت ياتتى.
بىردەمدىن كېيىن ئۇ قاتتىق تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئويۇن كۆرگۈچىلەرگە قارىدى. ئۇشتۇمتۇت

ئۇ بويىنىغا ئالتۇن زەنجىرلىك مېدال ئېسىۋالغان
چىرايلىق بىر خانىمنى كۆرۈپ قالدى. مېدالغا بىر ياغاچ
قوچاقنىڭ رەسىمى ئويۇلغان ئىدى.

« مېداللىكى مېنىڭ سۈرىتىمغۇ! بۇ خانىم ئاشۇ
پەرىزات! » پىنوككىئو ئۇنى تونۇدى ۋە سىناپ تۇۋلاپ
باقتى، « ئاھ، پەرىزات! ئاھ، پەرىزات! » بىراق
ئاغزىدىن گەپ چىقماي، ھاڭىرىغان ئاۋاز چىقاتتى.
بۇنىڭ ھاڭىرىشى ھەممە ئادەمنى، بولۇپمۇ بىر نەچچە
بالىلارنى قاتتىق كۈلدۈرۋەتتى.

تاماشىبىنلار ئالدىدا ھاڭىرىماسلىق ئۈچۈن خوجايىن
ئۇنىڭغا تەنبىھ بەرمەكچى بولۇپ، قامچىسى بىلەن ئۇنىڭ
بۇرنىغا قاتتىق بىرنى سالدى. بۇرنى قاتتىق ئاغرىپ
كەتكەن بىچارە ئېشەك بۇرنىنى يالىدى، ئاز دېگەندە
ئون ئىككى قېتىم يالىغاندۇ! ئۇ ئىككىنچى قېتىم
پەرىزاتنى ئىزلىگەندە، پەرىزات كۆرۈنمىدى. ئۇ بەكمۇ
مەيۈسلەندى.

ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ دەپ، كۆزىگە لىققىدە
ياش ئېلىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغلىغىنىنى ھېچكىم
كۆرمىدى، ھەتتا خوجايىنمۇ كۆرمىدى. خوجايىن
قامچىسىنى ئوينىتىپ ۋاقىرىدى:

— ئەمدى كۆپچىلىككە ئۇسسۇل ئويناپ بەر!

پىنوككىئو ئىككى - ئۈچ قېتىم ئۇسسۇل ئويناپ كۆردى.
بىراق ھەرقېتىم تاماشىچىلارنىڭ ئالدىغىراق كەلگەندە پۇتى تېيىلىپ
كېتەتتى. ئۇ شۇنچە تىرىشىپ باقسىمۇ بولماي ئارقا پۇتى قاتتىق
بىر تېيىلدى - دە، يىقىلىپ چۈشتى، ئۆمىلەپ ئورنىدىن
تۇرغاندا، ئاقساپ ماڭالماي قالدى. ئىلاجىسىز خوجايىن

ئۇنى يېتىلەپ ئېغىلغا ئەكىلىپ قويدى.

ئويۇن كۆرۈۋاتقان بالىلار بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن:

— پىنوككيونى ئېلىپ چىقىڭلار، بىز ئىشەكنى كۆرمىمىز، ئىشەكنى ئېلىپ چىقىڭلار! — دېيىشىپ ۋاقىراشقان بولسىمۇ، بۇ كۈنى ئاخشىمى ئىشەك ھېچكىمگە كۆرسىتىلمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە مال دوختۇرى كېلىپ بۇ بىچارە ئىشەكنى كۆرگەندىن كېيىن ئەمدى بۇ ئىشەكنىڭ داۋاملىق ئاقسايدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن خوجايىن ئېغىلغا قارايدىغانلارغا:

— بۇ توكۇر ئىشەك ئەمدى نېمىگە كېرەك كېلىدۇ؟ ھېچنەرسە بەرمەڭلار، بازارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتەيلى، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىشەكنى بازارغا ئېلىپ باردى. خېرىدار كېلىپ باھاسىنى سورىدى.

— تۆت كويچەن، — دېدى ئۇلاق باققۇچى

— ئىككى مو بەش پۇڭغا بەرسەڭ ئالاي، سەن ئۇنى ئاپىرىپ ئىشلىتەلمەيدىكەن دېمە. مەن ئۇنىڭ تېرىسىنى ئىشلەتمەكچى. بۇنىڭ تېرىسى ناھايىتى پىششىق بولىدۇ. بۇنىڭ تېرىسىدىن بىر دۇمباق ياكى داپ چىقىدۇ.

پىنوككيو ئۆزىنىڭ ئاران ئىككى مو بەش پۇڭغا يارايدىغانلىقىنى ۋە تېرىسىدە دۇمباق كېرىلسە كەچكىچە باشقىلارنىڭ گۇمشىتىپ ئۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟

خېرىدار پۇلنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن، ئىشەكنى يېتىلەپ دەرھال دېڭىز بويىغا ئېلىپ كەلدى. بويىنىغا

ئېغىر بىر تاشنى باغلىدى ۋە تۆت پۇتىنى چىڭ چۇشەپ ئىگىز قىيا تاشتىن سۇغا ئىتتىرىۋەتتى.



ئىشەك تاشنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن دەرھال چۆكۈپ كەتتى، ئۇنى سېتىۋالغان ئادەم ئىشەكنىڭ بوينىدىن باغلانغان ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىدىن تۇتۇپ ئىشەكنىڭ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

## ئوتتۇز تۆتىنچى باپ

ئىشەك سۇغا چۆكۈپ، بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئىشەكنىڭ ئىگىسى: «بۇچاققا مېنىڭ بۇ چىرايلىق توكۇر ئىشىگىم ئۆلۈپ بولدى، ئەمدى سۇزۇۋېلىپ تېرىسىدە بىر

دۇمباق كېرەي» دېدى ـ دە، ئاغامچىنى تارتىشقا باشلىدى. ئۇ تارتىۋەردى، تېپىڭلار، سۇدىن نېمە چىقتى؟ ئۇ ئۆلگەن ئىشەك بولماي، بەلكى خۇددى يىلان بېلىقىدەك پىلتىڭلاپ، تېپچەكلەپ تۇرغان تىرىك ياغاچ قوچاق بولۇپ چىقتى.



ئۇ ئادەم بۇ ياغاچ قوچاقنى كۆرگەندىن كېيىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئاغزى يوغان ئېچىلىپ، كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكىلى قىل قالدى. خېلىدىن كېيىن ئارانلا زۇۋانغا كەلدى:

— مەن سۇغا تاشلىغان ئىشەك نەگە كەتتى؟

شۇ ئىشەك مەن، — دېدى پىنوككىيو كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇ ئىشەك سەنمۇ؟

— ھەئە، مەن.

— ھىم، يالغان گەپ قىلما، ماڭا تېخى چاخچاق قىلىۋاتامسەن؟

www.uyghurkitap.com

— مەن سىزگە چاخچاق قىلمىدىم، راست گەپنى قىلىۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا سەن تېخى بايىلا بىر ئىشەك ئىدىڭ، ئىسۇنىڭ ئىچىدە بىر سائەت تۇرۇپ چىققاندىن كېيىن قانداق قىلىپ ياغاچتىن ياسالغان ئادەم بولۇپ قالدىڭ؟

— بۇ، دېڭىز سۈيىنىڭ كۈچىدىن بولدى. دېڭىز ئەزەلدىن ئۆز سىرىنى ئاشكارا قىلغان ئەمەس. مېنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ قېلىشىمۇ دېڭىزنىڭ بىر كارامىتى!

— ئۆزەڭگە ئاگاھ بول ياغاچ قوچاق. مېنى ئالدايمەن دېمە. ئاچچىغىمنى كەلتۈرىدىغان بولساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن!

— ئۇنداق بولسا بوينۇمدىن ماۋۇ ئاغامچىنى يېشىۋېتىڭ، مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي.

ئۇ ئادەم ئەھۋالنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىشكە قىزىقىپ، ياغاچ قوچاقنىڭ بوينىدىكى ئاغامچىنى يەشتى. خۇددى قەپەزدىن قويۇپ بېرىلگەن قۇشتەك ئەركىنلىككە ئېگە بولغان پىنوككىئو سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىلىۋېلىڭ، مەن ئىلگىرى خۇددى ھازىرقىدەك ياغاچتىن ياسالغان ياغاچ ئادەم ئىدىم، بىراق، مەن باشقا بالىلاردەك ئوبدان بالا بولۇپ كېلىشىۋېتىپ بىر ئەسكى ئاغىنەمنىڭ گېپىگە كىرىپ كەتتىم، بىر كۈنى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغىلا يوغان بىر جۈپ قۇلاق، چىرايلىق بىر قۇيرۇق ئۆسۈپ چىقىپ، ئىشەك بولۇپ قالدىم. قۇيرۇغۇمنى كۆرۈپ شۇنچىلىك ئىزا تارتتىم! مېنى بازارغا ئاپىرىپ بىر سېرىكچىغا سېتىۋەتتى. ئۇ ماڭا ھەرخىل سېرىك ئويۇنلىرىنى ئۆگەتتى. بىركۈنى ئاخشىمى مەن

سەھنىدە ئويۇن كۆرسىتىۋاتقاندا، يىقىلىپ كېتىپ پۇتۇم ناكا بولدى، يەر دەسسەپ تۇرالمىدىم، شۇنىڭدىن كېيىن خوجايىن بۇ توكۇر ئىشەكنى نىمە قىلىمىز دەپ، مېنى سىزگە سېتىۋەتتى.

— دۇرۇست، مەن سىنى ئىككى مو بەش پۇڭغا سېتىۋالغان، ئەمدى بۇ پۇلنى كىم ماڭا تۆلەپ بېرىدۇ؟

— توغرا، سىز مېنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، مېنى ئۆلتۈرۈپ تېرەمدە دومباق كېرىپ، ئەتىدىن كەچكىچە گۆمشىتىپ ئۇرماقچى بولدىڭىز.

— تېرىنى ئەمدى مەن نەدىن تاپىمەن؟

— مەن نىمە بىلەي.

— خوش، سەن خوشال بولغان بولساڭ، ئېيتقىنا، سۆزلەپ بېرىدىغان ھېكايەڭ تۈگىدىمۇ يە نە بارمۇ؟

— تۈگىمىدى، — دېدى ياغاچ قوچاق، — سۆزلەپ بېرەي، بىر دەمدە تۈگەيدۇ. سىز مېنى سېتىۋالغاندىن كېيىن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدىڭىز، لېكىن سىز رەھىمدىل ئادەم بولغاچقا، مېنى دېڭىزغا تاشلاپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلدىڭىز. مۇشۇنداق قىلماقچى بولغانلىقىڭىزنى ئەلۋەتتە ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك. بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، ئەگەر ئاقكۆڭۈل پەرىزات بولمىغان بولسا، ئىش سىزنىڭ پىلانىڭىز بويىچە بولغان بولاتتى.

— پەرىزات دىگەن كىم؟

— ئالەمدىكى پۈتۈن ئانىلارغا ئوخشاشلا ئۇمۇ مېنىڭ ئانام. ئۇ ماڭا ناھايىتى ئامراق بولۇپ، مېنى تىرىشچان، ئوبدان بالا قىلىپ چىقماقچى بولغان ئىدى. ئاقكۆڭۈل

پەرىزات مېنىڭ تۇنجۇقۇپ ئۆلىدىغانلىقىمنى ۋە ئىنتايىن خەتەرلىك ھالدا قالغانلىقىمنى كۆرۈپ، مېنىڭ قېشىمغا بىر توپ بېلىقنى ئەۋەتىپتۇ. بۇ بېلىقلار كېلىپ ھەممىسى مېنى يېيىشكە باشلىدى. ھەر بىر چىشلىگەندە يوغان - يوغان يېرىمنى يۇلۇپ چىقتى. بەزىلىرى قۇلىقىمنى، بەزىلىرى پايلىرىمنى، بەزىلىرى پاچىقىمنىڭ تېرىسىنى، يەنە بەزىلىرى دۈمبەمدىكى تۈكلەرنى يېدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى يوغان بىر بېلىق بىرلا چىشلەپ قۇيرۇغۇمنى ئۈزۈۋالدى. ئۇلار سىرتىمدىكى نەرسىلەرنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇستىخىنىمنى، گەپنىڭ ئېنىقراغىنى ئېيتقاندا، ياغاچنى يېگىلى تۇردى. بىراق، چىشى ئۆتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماڭا قاراپمۇ قويماي، خوشمۇ دەپ قويماي تەرەپ - تەرەپكە كېتىشتى.

— سېنىڭ بۇنداق ئەخمىقانە چۆچىكىڭگە ئىشەنمەيمەن، — دېدى ھېلىقى ئادەم غەزەپلىنىپ، — مەن پەقەت ئىككى مو بەش پۇڭنى بىلىمەن، پۇلنى قايتۇرۇپ بەر، ئەمدى سېنى نېمە قىلىدىغانلىقىمنى بىلىۋاتامسەن؟ سېنى يەنە بازارغا ئاپىرىپ خەققە ئوتتۇن ئورنىدا ساتىمەن.

— توغرا، — دېدى پىنوككىئو ۋە سۇغا سەكرەپ نېرىغا بېرىۋالدى - دە، ئۇنىڭغا قاراپ ۋاقىرىدى، — خەير، سۆيۈملۈك ئەپەندىم! ئەگەر سىزگە دۈمباق كېرىدىغان تېرە كېرەك بولسا، مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، سۇ ئۈزۈپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن يەنە كەينىگە قاراپ:

— خەير، سۆيۈملۈك ئەپەندىم! ئەگەر سىزگە ئوتتۇن كېرەك بولسا، مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ! — دەپ قويدى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئۇ ئادەم يىراقتا قىلىپ كۆرۈنمەي قالدى. قارىماققا سۇ يۈزىدە قارا كۆرۈنە كېتىپ بارغان ياغاچ قوچاق خۇددى سۇ چېچىپ خوشال كېتىپ بارغان دېڭىز چوشقىسىغا ئوخشايتتى.

پىنوككىئو دېڭىز ئىچىدە يېقىنلا بىر يەردە تۇرغان بىر قىيا تاشنى كۆردى. ئۇ خۇددى ئاق مەرمەر تاشقا ئوخشايتتى. تاشنىڭ ئۈستىدە چىرايلىق بىر ئۆچكە مەرەپ تۇراتتى. ئۇ ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. قىزىقارلىقى شۇكى، بۇ ئۆچكىنىڭ يۇڭى باشقا ئادەتتىكى ئۆچكىلەرنىڭ يۇڭىنىڭ رەڭگىدەك ئاق، قارا ياكى باشقىچە رەڭدە بولماي، بەلكى ھاۋا رەڭ بولۇپ، خۇددى ھىلىقى گۈزەل پەرىزاتنىڭ چېچىغا ئوخشايتتى.

پىنوككىئونىڭ قانچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزەڭلەر پەرەز قىلىۋېلىڭلار. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن قىيا تاش تەرەپكە قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى. يېرىم يولغا بارغاندا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بىر دېڭىز ئالۋاستىسىنىڭ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئېچىلىپ تۇرغان يوغان ئاغزى خۇددى تېگى يوق ھاڭغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئۈچ رەت سەت چىشلىرى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى.

بۇ دېڭىز ئالۋاستىسىنىڭ قانداق نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ باشقا نەرسە ئەمەس، بىز يۇقۇرىدا بىر نەچچە قېتىم ئېيتىپ ئۆتكەن لەھەڭ ئىدى.

بىچارە پىنوككىئو بۇ دېڭىز ئالۋاستىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى! ئۇ باشقا تەرەپكە ئۈزۈپ كېتىشكە ئامالسىز قالدى. باشقا تەرەپكە قاچاي دەپ ئويلىغان بولسىمۇ،

لېكىن ئۇ ھاڭدەك ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇدۇل پىنوككىئوغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— چاپسان ماڭ پىنوككىئو! — دەپ ۋاقىراپ كەتتى ئۆچكە، پىنوككىئو پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئالدىغا قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى.

— ئىتتىك بول پىنوككىئو! دېڭىز ئالۋاستىسى ساڭا يېتىشىپ قالاي دېدى!

پىنوككىئو تېخىمۇ ئىتتىك ئۈزۈشكە باشلىدى.

— دىققەت قىل! ئۆزەڭگە ئاگاھ بول! ئۇ ساڭا يېتىشىپ قالدى! ئاپلا ... ئىتتىك! بولمىسا ئىشىڭ چاتاق!

پىنوككىئو بۇرۇنقىدىنمۇ تېز ئۈزۈشكە باشلىدى. لەھەڭ بىلەن پىنوككىئو ئىككىسى خۇددى مۇسابىقىگە چۈشكەندەك ئوقتەك كېلىشىۋاتاتتى، ئۇلار قىيا تاشقا يېتىپ كېلىشكە ئازلا قالدى، ئۆچكە ئىككى قولىنى سوزۇپ، پىنوككىئونى تارتىۋالماقچى بولدى، لېكىن ...

ئۈلگۈرەلمىدى! دېڭىز ئالۋاستىسى قوغلاپ كېلىپ پىنوككىئونى خۇددى بىر تۇخۇمنى يۇتۇۋەتكەندەك يۇتۇۋەتتى، لەھەڭ ناھايىتى كۈچ بىلەن قاتتىق دەم تارتىپ يۇتقانلىقتىن، پىنوككىئو ئۇنىڭ قوسىقىغا كىرگەندىن كېيىن ھوشىدىن كەتتى ۋە ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى.

پىنوككىئو ئۆزىنىڭ نەگە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى. ھەممە تەرەپ قاپ - قاراڭغۇ ئىدى. شۇڭا ئۆزىنى قارا سىيا بوتۇلكىسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئەتراپىغا قۇلاق سالغان بولسىمۇ ھېچنەرسە ئاڭلانمىدى. پەقەت تۇرۇپ - تۇرۇپ يۈزىگە ئۇرۇلۇۋاتقان قاتتىق شامالنى

سەزدى. باشتا بۇ شامالنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىغىنى بىلەلمىدى، بىراق كېيىن دېگىز ئالۋاستىسىنىڭ ئۆپكىسىدىن چىقىۋاتقانلىغىنى سەزدى. مېنىڭ كىچىك كىتاپخانلىرىم، شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، بۇ لەھەڭنىڭ دېمى سىقىمدىغان كېسىلى بار ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشىدىن چىققان ھاۋا خۇددى بوراندەك چىقاتتى.

پىنوككىئو بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن خېلى تىرىشىپ باقتى، لېكىن ھەر قانچە قىلىپمۇ چىقىپ كېتىش يولىنى تاپالمىدى. مېڭىۋەرگەن بىلەن يەنىلا شۇ لەھەڭنىڭ قورسىقىدىن باشقا يەرگە بارالمىغاندىن كېيىن يىغلاشقا باشلىدى:

— قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭلار! مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭلار! ئاھ خۇدايىم! مېنى قۇتقۇزىدىغان ئادەم يوقمۇ؟

— سېنى كىم قۇتقۇزاتتى! — قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن خۇددى بىر مۇزدىكىنىڭ ئاۋازىدەك جاراڭلىق سادا ئاڭلاندى.

— گەپ قىلىۋاتقان كىم؟ — دېدى پىنوككىئو قورققىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ.

— مەن، مەن بىر بىچارە تونۇس بېلىقى. بۇ يەرگە مەنمۇ سېنىڭ بىلەن بىللە دەم تارتىلىپ كىرىپ قالدىم. ئۆزەڭ نېمە بېلىقى؟

— مېنىڭ بېلىق دېگەن نەرسە بىلەن قىلچە ئالاقەم يوق، مەن ياغاچ قورچاق.

— بېلىق بولمىساڭ، دېڭىز ئالۋاستىسى سېنى قانداق يۇتۇۋالدى؟

— بۇ سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولدى. سەن تاقاشمىغان

بولساڭ قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەتتىم. ئەمدى سېنىڭ بىلەن
مەن بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە نېمە قىلىمىز؟

— بېشىمىزغا كەلگەن بالايى - ئاپەتنى تارتماي ئامالىمىز يوق. بىز ئۇنىڭ قوسىغىدا ئاستا - ئاستا هەزىم بولۇپ كېتىمىز.

— مەن هەزىم بولۇپ كېتىشنى خالىمايمەن، — دېدى پىنوككىئو يىغلاپ تۇرۇپ.



— مەنمۇ خالىمايمەن، — دېدى يونۇس بېلىقى، — بىراق، مەن بىر پەيلاسوپ. خىيال قىلسام ئاچچىق سۇ ۋە ماينىڭ ئىچىدە قورۇلۇپ ئۆلگەندىن كۆرە، مۇشۇ سۇنىڭ

ئىچىدە ئۆلگەن شەرەپلىك. بۇلارنى ئويلىسام مۇشۇ يەردە ئۆلۈشكە رازىمەن.

— يوق گەپنى قىلما! — دېدى پىنوككىئو.

— بۇ مېنىڭ كۆز قارىشىم، — دېدى تونوس بېلىقى، — بېلىقلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

— مەن بۇ يەردىن كېتىمەن، — دېدى پىنوككىئو، — قېچىپ كېتىمەن.

— قېچىپلا كېتەلىسەڭ قاچ.

— لەھەڭ دېگەن بەك چوڭمۇ؟

— ۋاھ، ئۇنىڭ قۇيرۇغىنى ھېساپلىمىغاندا بىر يول ئۇزۇنلۇقتا كېلىدۇ.

شۇ ئەسنادا پىنوككىئو ئۇشتۇمتۇت يىراقتا بىر يورۇقنى كۆرۈپ قالدى.

— ئاۋۇ نېمە يورۇق؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۇنىڭدىن.

— ئۇمۇ بىر پالاكەتكە ئۇچرىغان بىچارىدۇ، بەلكىم ھەزىم بولۇۋاتقاندۇ.

— مەن بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كېلەي، ئۇمۇ ھەقاچان بىر ياشانغان بېلىقتۇ، قانداق قىلىشىم توغرىلىق بىر مەسلىھەت بېرەر.

— بىچارە ياغاچ قوچاق، ساڭا ئاق يول تىلەيمەن.

— خەير، تونوس بېلىقى.

— خەير، ياغاچ قوچاق، ساڭا بەخت - تەلەي يار بولسۇن!

— ئىككىمىز قاچان كۆرۈشىمىز؟

— كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ بۇنى ئويلىمىغان ياخشى.

# ئوتتۇز بەشىنچى باپ

پىنوككىئو دوستى تونۇس بىلىقى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن لەھەڭنىڭ قاراڭغۇ قورسىقى ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈردى. ئاخىرى يىراقتا كۆرۈنۈۋاتقان يورۇقلۇققا قاراپ ماڭدى.

خېلىدىن كېيىن ئۇ كىشىنى بىزار قىلىدىغان بىر تېيىلغاق پاتقاقلىققا كىرىپ قالدى. بۇ يەردىن ياغدا قورۇلۇۋاتقان بىر خىل بېلىقنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ: بۇ يەردە بايراملىق زىياپەت تەييارلىنىۋاتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى.



ماڭغانسېرى ھېلىقى يورۇقلۇق تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈندى. ئاخىرى ئۇ يېتىپ كەلدى، بۇ يەردە نېمە بار ئىكەن؟ بۇ ھەقتە سىلەرنىڭ مىڭ قېتىملاپ ئويلىشىڭلارنى سورايمەن!

بۇ يەرگە ناھايىتى ئېپچىل بىر كىچىك ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ، يېشىل بوتۇلكىنىڭ ئىچىدە بىر تال شام يېنىپ تۇراتتى. ئۈستەلنىڭ ئارقىدا ئاپپاق ساقال

ۋە ئاپپاق چاچلىق بىر بوۋاي بىر نەچچە دانە تىرىك بېلىقنى ئاستا يەپ ئولتۇراتتى.

بۇ بىچارە بوۋاينى كۆرگەن پىنوككىئو خوشاللىقىدىن ھۇشىدىن كەتكىلى قىل قالدى.

تۇرۇپ كۈلەتتى، تۇرۇپ يىغلايتتى. نىمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان ئىدى. ئاخىر ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى — دە، غۇلە- چىنى كېرىپ ئېتىلىپ بېرىپ بوۋاينى قۇچاقلاپ سۆزلەپ كەتتى.

— ئاھ، سۆيۈملۈك دادام! ئاخىر سىزنى تاپتىم! ئەمدى سىزنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، ھەرگىز، ھەرگىز!

— خاتا كۆرۈۋاتمايدىغاندىمەن — ھە؟ — دىدى بوۋاي كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — راستلا سۆيۈملۈكۈم پىنوككىئونى كۆرۈۋاتىمەنمۇ؟

— راست، راست كۆرۈۋاتىسەن، مەن پىنوككىئو! سەن ئاللىقاچانلا مېنى ئەپۇ قىلغان ئەمەسمىدىڭ؟ ئاھ، دادام! ئوبدان دادام! بىراق ئويلاپ باقسىڭ، بېشىمدىن ئۆتكەن كۈرمىڭ ئىش- لاردىن، ئازاپ - كۈلپەتلەردىن خەۋىرىڭ بارمۇ! ئېسىڭدىمۇ، ھېلىقى كۈنى سەن چاپىنىڭنى سېتىپ ماڭا ئېلىپبە ئەكىلىپ بەردىڭ. مەن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ بىر نەچچە ياغاچ قوچاققا ئۇچراپ قالدىم. قوچاق ئويۇنى تىياتىرخانىسىنىڭ مۇ- دىرى مېنى ئوچاققا قالاپ گۆش پىشۇرماقچى بولدى. كېيىن ئۇ ماڭا ئۆيۈڭگە ئېلىپ كېتىپ داداڭغا بەرگىن دەپ بىر نەچچە تىللا بەردى. ئۆيگە كېلىۋاتسام بىر تۈلكە بىلەن مۈشۈك ئۇچراپ قالدى. ئۇلار مېنى باشلاپ قىسقۇچ پاقا مېھمانخانىسىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار ئۇ يەردە خۇددى ئاچ بۆرىدەك تاماق يېيىشتى. مېھمانخانىدىن چىقىپ، كېچىسى يولدا كېتىپ بارسام

يەنە ئىككى قاراقچى كەينىمگە كىرىۋالدى. ئاخىر ئۇلار مېنى تۇتۇۋېلىپ بىر كاۋچۇك دەرىخىگە ئېسىپ قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھاۋا رەڭ چاچلىق چىرايلىق بىر پەرىزات ھارۋا ئەۋەتىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىر نەچچە دوختۇر بار ئىكەن، مېنى كۆرۈپ: ئەگەر بۇ ئۆلمىگەن بولسا، تېخى تىرىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ دېيىشتى. مەن پەرىزاتنىڭ ئالدىدا بىر ئېغىز يالغان گەپ قىلغان ئىدىم، بۇرنۇم ئۇزىراپ كەتتى، ھەتتا تامغا تاقىشىپ ئىشىكتىن چىقالمايدىغان دەرىجىدە ئۇزىراپ كەتتى. كېيىن مەن تۈلكە بىلەن مۈشۈككە يەنە ئۇچراپ قالدىم. ئۇلار ماڭا تىللانى ئېتىزغا تېرىساڭ ئۈنۈپ چىقىدۇ دېدى. شۇنداق قىلىپ مەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ ھەممە پۇلدىن ئايرىلدىم. شەھەردىكى سوتقا بېرىپ ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇلار مېنى ئەخمەق، ساراڭ دەپ تۈرمىگە تاشلىدى. كېيىن تۈرمىدىن ئازات بولدۇم، يولدا كېتىۋېتىپ قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەچكە، بىر ئۈزۈملۈكنى كۆرۈپ، ئازراق ئۈزۈم ئېلىپ يەي دەپ بېرىشىمغا قاپقانغا چۈشۈپ قالدىم. بىر دېخان مېنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئىشىك باقىدىغان ئىت قىلىپ ئىشلەتتى. مەن ئۇنىڭغا توخۇ ئوغرىلىغىلى كەلگەن ئوغرىلارنى تۇتۇپ بەرگەندىن كېيىن مېنى قويۇپ بەردى. يولدا يەنە قۇيرۇقىدىن ئىس چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئىلانغا ئۇچرىدىم. ئۇ قاتتىق كۈلگەندىن دېمى قىسىلىپ ئۆلدى. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ دەرھال گۈزەل پەرىزاتنىڭ ئۆيىگە كەلسەم — ئاھ، ماۋۇ بەختسىزلىكنى قارىمامدىغان! ئۇ يوق بولۇپ چىقتى. يىغلاپ تۇرسام بىر كەپتەر كېلىپ ماڭا: «مەن سېنىڭ داداڭنى كۆردۈم، ئۇ بىر قېيىققا چۈشۈپ دېڭىزدا سېنى ئىزلەپ يۈرىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭغا: «ھەي...... قانىتىم بولغان بولسا ئۇچۇپ

باراتتىم!» دېدىم. كەپتەر: «ماڭا مىنگىن» دېدى. شۇنداق قىلىپ بىز بىر كېچە ئۇچتۇق. ئەتىسى دېڭىز بويىغا يېتىپ كەلدۇق. دېڭىزغا قارىشىپ تۇرغان بېلىقچىلار ماڭا: «ئاۋۇ قېيىقتىكى بىچارە بوۋاي دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىدىغان بولدى» دېدى، چۈنكى دېڭىزدا ناھايىتى قاتتىق دولقۇن كۆتۈرۈلگەن ئىدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسام سەن ئىكەنسەن. مەن سېنى قايتىپ كەل دەپ ئىشارە قىلدىم......

— مەنمۇ سېنى تونۇغان، — دېدى گېپتو بوۋاي، — قايتماقچى بولغان ئىدىم، بىراق دېڭىزدا دولقۇن شۇنداق قاتتىق تۇرسا، ئۇ ئەسكى قېيىق بىلەن قانداقمۇ قايتىپ كېلەلەيمەن؟ شۇ ئارىدا يېقىنلا بىر يەردىن قورقۇنچلۇق بىر لەھەڭ پەيدا بولۇپ ماڭا قاراپ تىلىنى چىقاردى — دە، خۇددى بىر تال دورىنى يۇتۇۋەتكەندەك مېنى يۇتۇۋەتتى.

— سەن بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىلى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ — دەپ سورىدى پىنوككىئو.

— ئىككى يىل بولدى پىنوككىئو، لېكىن ماڭا ئىككى ئەسىر بولغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— سەن بۇ يەردە قانداق ياشاۋاتىسەن؟ بۇ شامنى نەدىن تاپتىڭ، ئوتنى قانداق ياقتىڭ؟

— مەن ساڭا بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرەي. ئاڭلىغىن، لەھەڭ مېنى دەم تارتقاندا تەلىيىمگە مەن بىلەن بىللە نۇرغۇن ئاشلىق بېسىلغان بىر كېمىنىمۇ دەم تارتتى......

— نېمە دېدىڭ؟ ئۇ پۈتۈن بىر كېمىنىمۇ دەم تارتتىمۇ؟ — دېدى پىنوككىئو چۆچۈپ كېتىپ.

— ھەئە. دەم تارتىپ يۇتۇپلا كەتتى. بىراق كېمىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇستىدىكى ماچىتا (موما ياغاچ) بىلەن لەھەڭنىڭ خوشى يوق ئىدى. چۈنكى بۇ ياغاچ ئۇنىڭ چىشىنىڭ ئارىسىغا خۇددى بىر چىش كولىغۇچتەك كىرىۋالغان ئىدى. شۇڭا ئۇنى يەنە پۇرقۇپ چىقىرىۋەتتى. كېمىدە تۇزلانغان گۆش، ئەنجۈر، پېچىنە، هاراق، قۇرۇق ئۈزۈم، كافى، شېكەر، شام، سەرەڭگە دېگەندەك تازا ماڭا كېرەكلىك نەرسىلەر بار ئىكەن. مانا بۈگۈن ئەڭ ئاخىرقى بىر تال شامنى يېقىۋاتىمەن......

— بۇ تۈگىسە قانداق قىلىسەن؟

— كېيىنمۇ، ھەي جېنىم بالام، ئىككىمىز ئەمدى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشايمىز.

— مۇنداق قىلايلى دادا، — دېدى پىنوككىئو، — ئەمدى ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي بۇ يەردىن قېچىپ چىقىپ كېتىشنىڭ يولىنى قىلايلى.

— قانداق قاچىمىز؟

— ھىم، بىز لەھەڭنىڭ ئاغزىدىن قېچىپ چىقىپ كېتەيلى، ئۇدۇل دېڭىزغا چىقىپ كېتەيلى.

— بىراق، مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيمەن-دە!

— ھېچقىسى يوق، مەن سېنى هاپاش قىلىپ قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن.

— ئۇخلاپ چۈش كۆرمە بالام، — دېدى گېپېتو بېشىنى چايقاپ.

— ماقۇل دەپ شۇنداق قىلىپ باقمامدۇق، قانداقلا بولمىسۇن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ كېتەيلى.

پىنوككىئو باشقا گەپنى قىلمايلا شامنى كۆتىرىپ، لەھەڭنىڭ ئاغزى تامان يۈرۈپ كەتتى.

— ماڭا ئەگىشىپ ماڭغىن، قورقما دادا، — دېدى ئۇ.

ئۇلار شۇ تەرەپتە خېلى مېڭىپ لەھەڭنىڭ ئاشقازىنىدىن چىقتى. كىكىرتىككە يېتىپ كەلگەندە، بىر پەس توختاپ، قانداق چىقىپ كېتىشنى ئويلاشقا باشلىدى.

مېنىڭ كىچىك كىتاپخانىلىرىم، شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى بۇ لەھەڭ ناھايىتى قېرى بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ھاسىرايدىغان ۋە يۆتىلىدىغان كېسىلى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۇخلىغاندا ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ ئۇخلايتتى! پىنوككىيو لەھەڭنىڭ كىكىرتىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ باقتى. ئاسماندىكى سانسىز يۇلتۇزلار ۋە چىرايلىق ئاي كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— قاچىدىغان ۋاقىت مۇشۇ، — دېدى پىنوككىيو پىچىرلاپ، — لەھەڭ ئۇخلاپ قاپتۇ. دېڭىزمۇ ناھايىتى تىنىپ - تىنچ قېنى، كەل دادا، ماڭا ئەگەشكىن. ھايت - ھۇيت دېگىچە چىقىپ كېتىمىز.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دەرھال ماڭدى. ئاۋال بۇ زور دېڭىز ئالۋاستىسىنىڭ كانىيىغا يامىشىپ چىقىپ، كەڭ ئاغزىغا كىرىپ كەلدى — دە، پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن مېڭىشىپ تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلدى. ئۇشتۇمتۇت لەھەڭ چۈشكۈرۈۋەتتى، شام ئۆچۈپ قالدى، گېپپېتو بوۋاي بىلەن پىنوككىيومۇ يىقىلىپ يەنە ئاشقازانغا چۈشۈپ كەتتى.

— ئەمدى تۈگەشتۇق! — دېدى گېپپېتو بوۋاي.

— قولۇڭنى ئەكەل دادا، تېيىلىپ يىقىلىپ كەتمىگىن. پەخەس بول!

— مېنى نەگە ئەكېتىپ بارىسەن؟

— كېلىۋەر، قورقما!

پىنوككىيو دادىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ دېڭىز ئالۋاستىسىنىڭ كىكىرتىكىگە يەنە يامىشىپ چىقتى — دە، بۇرۇنقىدەكلا



چىشىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىشتى، تىلىنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ
چىشىدىن ئۆتتى، سىرت كۆرۈندى.

— ماڭا ھاپاش بول دادا، — دېدى پىنوككىئو، — مېنى
چىڭ تۇتۇۋال.

گېپىتو بوۋاي پىنوككىئونىڭ بويىنىغا مەھكەم يېپىشتى.
باتۇر ياغاچ قوچاق ئۈزۈپ ماڭدى. تېپ - تېچ سۇغا ئاي شو-
لىسى چۈشۈپ تۇراتتى. لەھەڭ بولسا، زەمبىرەك بىلەن ئاتسىمۇ
ئويغانمىغىدەك قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى.

# ئوتتۇز ئالتىنچى باپ

پىنوككىئو كۈچ بىلەن قىرغاققا ئاز قالغاندا، دادىسىنىڭ ئۈستىمىسى ئۆرلەپ كەتكەن ئادەمدەك قاتتىق تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ، توڭلاپ كېتىۋاتامدىغاندۇ ياكى قورقۇۋاتامدىغاندۇ؟ كىم بىلىدۇ، بەلكىم شۇنداق بولۇۋاتقاندۇ! بىراق پىنوككىئو ئۇنى قورقۇپ تىترەۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— بەرداشلىق بەرگىن دادا! بىردەمدىن كېيىن تېچ-ئامان قىرغاققا چىقىمىز.

— قېنى ئۇ قىرغاق؟ — دېدى تېخىمۇ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالغان بوۋاي. ئۇ خۇددى يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى، — بىز ئۈزۈۋاتقىلى پۈتۈن بىر كېچە بولدى. تېخىچە ئاسمان بىلەن دېڭىزدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغۇ!

— قىرغاقنى مەن كۆرۈۋاتىمەن، — دېدى ياغاچ قوچاق، — سەن مېنىڭ كۆزۈمنى خۇددى مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك ئوبدان ياسىغان ئىكەنسەن، كېچىدىمۇ ھەممە نەرسىنى كۆرىمەن.

راستىنى ئېيتقاندا، بىچارە پىنوككىئونىڭ قىرغاققا يېتىپ بېرىشقا كۆزى يەتمەيۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ بىلىندۇرمەي كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ، بارا - بارا نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلاشتى، ئۇنىڭ يەنە ئۈزگىدەك ھالى قالمىدى. قىرغاق تېخى كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ يەنە بىر ئاز ئۈزگەندىن كېيىن نەپەسمۇ ئالالمىدى ۋە قايرىلىپ ئېچىنىشلىق ئاھاڭدا گېپپېتو بوۋايغا:

— مېنى قۇتقۇزۇۋال دادا، ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم! دېدى.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن چۆكۈپ كېتەي دەپ قالغاندا گويا بىر خىل مۆزىكىنىڭ تاۋۇشى ئىرىڭلىغاندەك:

— ئۆلۈپ كېتىمەن دەۋاتقان كىم؟ — دېگەن زىل بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.



— بىز، دادام بىلەن مەن.

— ئاۋازىڭدىن تونۇدۇم، سەن پىنوككىئوغۇ!

— توغرا سەن كىم؟

— لەھەڭنىڭ قورسىقىدا ساڭا ھەمرا بولغان ھېلىقى تونۇس بېلىقى مەن.

— سەن قانداق قېچىپ چىقتىڭ؟

— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش قاچتىم، قانداق قاچىدىغانلىقىنى ماڭا دەپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟ قارىسام سەن چىقىپ كەتتىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ ماڭدىم.

— ئاھ، دوستۇم! ئەجەپ ئوبدان كەپسەن! بول، بىزگە ياردەم قىلغىن، بىز بولالمىدۇق.

— جېنىم بىلەن ياردەم بېرىمەن. ماڭا ھاپاش بولۇڭلار، بىردەمدىلا قىرغاقتا يېتىپ بارىمىز.

سىلەرمۇ ئەلۋەتتە بىلىۋاتقانسىلەر، گېپتو بوۋاي بىلەن پىنوككىئو بېلىقنىڭ تەكلىۋىگە دەرھال رازى بولدى.

— ئىككىمىز ئېغىرمىكەنمىز؟ — سورىدى پىنوككىئو.

— ئېغىرمىكەنمىز دەمسەن؟ ھىم ئىككىڭلار خۇددى بىر تال ساماندەكلا يېنىك ئىكەنسىلەر، ئۈستۈمگە كىچىك ئىككى دانە قۇلۇلە قېپىنى قويۇپ قويغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

ئۇلار قىرغاققا يېتىپ كېلىپ، پىنوككىئو بېلىقنىڭ دۈمبەسىدىن سەكرەپ چۈشتى، ئاندىن دادىسىنى يۆلەپ چۈشۈردى — دە، تونوس بېلىقىغا قاراپ ھاياجانلانغان ھالدا:

— دوستۇم، سەن دادام بىلەن مېنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، ساڭا نىمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن. ئەبەدى دوست بولۇپ قېلىشىمىز ئۈچۈن سېنى بىر سۆيۈپ قوياي، — دېدى.

تونوس بېلىقى سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ بەردى. پىنوككىئو زوڭزىيىپ ئولتۇردى ۋە ئىككىسى قىزغىن سۆيۈشتى. بىچارە تونوس بېلىقى بۇنداق يېقىنچىلىقنى كۆرۈپ باقمىغانلىقتىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، كىچىك بالىدەك يىغلاپ كەتتى. ئۇ كۆز -يېشىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن دەرھال سۇغا كىرىپ كەتتى.

شۇ ئارىدا قۇياشمۇ كۆتىرىلدى. گېپىتو بوۋاي بەكمۇ ھېرىپ كەتكەن ئىدى. پىنوككىئو ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىپ:

— جېنىم دادا، ماڭا ئېسىلىۋالغىن، ماڭايلى، چۈمۈلىدەك ئاستا ماڭساقمۇ ماڭايلى، ھېرىپ كەتسەك ئارام ئالىمىز، — دېدى.

— نەگە بارىمىز؟ — دېدى گېپىتو بوۋاي.

— بىر يەردىن ئۆي تاپايلى. قوسىقىمىزغا بىر نەرسە يەپ ئاستىمىزغا پاخال سېلىپ ئۇخلايلى.

ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا ناھايىتى سەت ئىككى مەخلۇق ئۇچراپ، ئۇلاردىن يول سورىدى. بۇلار دەل ھىلىقى تۈلكە

www.uyghurkitap.com

بىلەن مۇشۇك بولۇپ، هازىر پەقەت تونۇغىلى بولمايتتى. ئويلاپ بېقىڭلار! ئىلگىرى مۇشۇك يالغاندىن قارغۇ بولۇۋالغان ئىدى، هازىر بولسا راستىنلا قارغۇ بولۇپ قالغان ئىدى. تۈلكىنىڭ بولسا تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن، ھەتتا قۇيرۇغىمۇ قالمىغان ئىدى.

— ھەي پىنوككىئو، — دېدى تۈلكە، — مەرھەمەت قىلىپ،



قېرى - ئاجىز ئىككىمىزگە ئازراق بىر نەرسە بەرگىن.

— قېرى ئاجىز ئىككىمىزگە، — دەپ تەكرارلىدى مۇشۇك.

— كۆزۈمدىن يوقال ئالدامچىلار، — دېدى پىنوككىئو، — مېنى بىر قېتىم ئالدام خالتىغا چۈشۈرۈشتىڭ. ئەمدى ئالدىيالمايسەن!

— بىزگە ئىشەنگىن پىنوككىئو، بەكمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق. قوسىقىمىز ئاچ قالدى. راستىنلا.

— راستىنلا شۇنداق، — تەكرارلىدى مۇشۇك.

— ئاچ قالغان بولۇڭساڭ، خوپ بوپتۇ. «كىشىنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىغان ئوغرى ئۆمۈرۋايەت ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ» دېگەن تەمسىلنى ئېسىڭدە تۇتۇش، يوقال كۆزۈمدىن ئالدامچىلار!

— بىزگە ئىچىك ئاغرىسۇن.

— ئىچىك ئاغرىسۇن، — دىدى مۇشۇك...

— يوقال! «بۇغداي ئوغرىسىنىڭ نېنىمۇ ساپ بولمايدۇ» دىگەن تەمسىلنى ئېسىڭدە تۇتۇش!

— بىزنى تاشلىۋەتمىگىن.

— تاشلىۋەتمىگىن ھە، — دىدى مۇشۇكمۇ.

— يوقال نېرى! «كىمخوشنىسىنىڭ چاپىنىنى ئوغرىلىسا، ئۆلگەندە كېپەنسىز قالىدۇ» دىگەن تەمسىلنى ئېسىڭدە تۇت!

گېپىتو بوۋاي بىلەن پىنوككىئو يولىغا كېتىۋەردى. ئاخىر ئۇلار ئۈستى پاخال بىلەن يېپىلغان بىر دىخان ئۆيىنى كۆردى.

— بۇ ئۆيدە ئادەم بارمىدۇ، — دىدى پىنوككىئو، — بېرىپ ئىشىكنى چېكىپ باقايلى.

ئۇلار ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇشىغا ئۆينىڭ ئىچىدىن:

— كىم سىلەر؟ — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— بىز بىچارە ئاتا - بالا، يەيدىغان نېنىمىزمۇ يوق، تۇرىدىغان ئۆيىمىزمۇ يوق، — دىدى ياغاچ قوچاق.

ئۆينىڭ ئىچىدىن يەنە:

— ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى بۇرا، ئۆزى ئېچىلىدۇ، — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

پىنوككىئو ئىشىك تۇتقۇچىنى بۇرىۋىدى، ئىشىك ئېچىلدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئەتراپىغا قاراشتى، لېكىن ئۆيدە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

— بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى كىمدۇ؟ — دىدى ئىنتايىن ھەيران بولغان پىنوككىئو.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مەن مەيەردە، ئۇستۇڭدە.

ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئىتتىك بېشىنى كۆتىرىپ، تورۇستا تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتقان چېكەتكىنى كۆردى.

— ۋاھ، سۆيۈملۈكۈم قارا چېكەتكە! — دېدى پىنوككىئو ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئەدەپ بىلەن تازىم قىلدى.

— بۈگۈن مەن سېنىڭ سۆيۈملۈكۈڭ بولۇپ قالدىممۇ، شۇنداقمۇ؟ بۇرۇن بولقىنى ئېتىپ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟

— ئېسىمدە. توغرا دېدىڭ. بولقىدىن بىرنى ئېلىپ ئەمدى مېنى ئۇرغىن، بىراق بىچارە دادامنى كەچۈرگىن.

— ئىككىڭلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. بىراق سېنىڭ ئىلگىرىكى ئەسكى خۇيۇڭنى سەمىڭگە سېلىپ قويماقچىمەن.

— شۇنداق، قارا چېكەتكە. بۇرۇنقى ئىشلارنى دەۋاتقىنىڭ توغرا لېكىن ئېيتقىنىڭ، سەن بۇ ئازادە، چىرايلىق ئۆينى قانداق ياسىدىڭ؟

— بۇ ئۆينى تۈنۈگۈن چىرايلىق، ھاۋا رەڭ يۇڭلۇق ئۆچكە ماڭا بەرگەن.

— ئۆچكە ھازىر نەگە كەتتى؟ — خوشال بولۇپ كەتكەن پىنوككىئو ھەيران بولۇپ سورىدى.

— بىلمەيمەن.

— قاچان كېلىدۇ؟

— ئۆمۈرۋايەت قايتىپ كەلمەيدۇ. تۈنۈگۈن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ «بىچارە پىنوككىئو، مەن ئۇنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، لەھەڭ ئۇنى دەم تارتىپ كەتتى» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— شۇنداق دېدىمۇ؟ ئۇنداق بولسا شۇ، چوقۇم چىرايلىق

پەرىزات شۇ، — دېدى پىنوككىئو ۋە يىغلىۋەتتى.

ئۇ بىر هازا يىغلىغاندىن كېيىن كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، دادىسىغا پاخالدىن يۇمشاق ئورۇن راسلاپ بەردى ۋە گەپ قىلالايدىغان چېكەتكىگە قاراپ دېدى:

— ئېيتىقىنا چېكەتكە، بۇ يەردىن سۈت تېپىلامدۇ، بىر كۈرۈشكا ئەكىلىپ بەرسەم، دادام بىچارە ئىچىۋالسا بولاتتى.

— ئازراق ماڭساڭ، مۇشۇ يەردە كالىسى بار بىر دىخان بار، شۇ يەرگە بېرىپ ئېلىپ كەلگىن.

پىنوككىئو دىخاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— ماڭا بىرئاز سۈت بەرسىڭىز قانداق؟ — دېدى.

— قانچىلىك ئالىسەن؟

— بىر كۈرۈشكا.

— سۈتنىڭ بىر كۈرۈشكىسى بىر پۇڭ، پۇلۇڭ بارمۇ؟

— مەندە پۇل يوق، — دېدى پىنوككىئو ئۈمىتسىزلىنىپ.

— پۇلۇڭ بولمىسا ساڭا بېرىدىغان سۈتمۇ يوق.

— ئاھ، ئەمدى قانداق قىلارمەن! — دېدى پىنوككىئو.

— جىندەك توختا، — دېدى دىخان، — مېنىڭچە بۇنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. سەن قۇدۇقتىن سۇ تارتىشنى بىلەمسەن؟

— تارتىپ كۆرەي.

— ئۇنداق بولسا، يۈز چېلەك سۇ تارتىپ بەرسەڭ مەن ساڭا بىر كۈرۈشكا سۈت بېرىمەن.

— ماقۇل!

پىنوككىئو چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ، مىڭ بىر جاپادا ئىشنى تۈگەتتى. ئۇ، ئۆمرىدە بۇنداق قاتتىق ئىشلەپ باقمىغان ئىدى.

— سۇ تارتىپ بېرىدىغان بىر ئېشىكىم بار ئىدى. بىچارە مەخلۇق تۈنۈگۈن كېسەل بولۇپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

— كۆرۈپ باقايچۇ؟ — دېدى پىنوككىيو.

— بولىدۇ، كۆرۈپ باق.

پىنوككىيو قاراپلا ئېشەكنى تونۇدى.

— مەن بۇ ئېشەكنى بىلىمەن، — دېدى ئۇ ۋە ئۆزلىرى ئۇقىدىغان ئېشەك تىلىدا سورىدى، — سەن كىم بولىسەن؟

ئېشەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ:

— مەن شام پىلىگى، — دېدى-دە، كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

— ئاھ، بىچارە شام پىلىگى! — دەپ پىچىرلىدى پىنوككىيو ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئاز سامان تاشلاپ بەردى.

— بۇ قوتۇر ئېشەككە نىمانچە ئىچىڭنى ئاغرىتىپ كېتىسەن؟ — دەپ سورىدى دىخان.

— ئۇ، مېنىڭ ئاغىنەم.

— سېنىڭ ئاغىنەڭمۇ؟

— ھەئە، ساۋاقدىشىم.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى دىخان كۈلۈپ كېتىپ، — سەن ئېشەك بىلەن ساۋاقداشمۇ؟

ياغاچ قوچاق بۇ گەپتىن بەكمۇ ئىزا تارتتى-دە، سۈتنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى ئەتىگىنى كېلىپ، دىخانغا قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ بېرىپ، بىر كۇرۇشكا سۈت ئېلىپ كېتىدىغان بولدى. ئۇ بۇ تىرىشچانلىق بىلەن چەكلىنىپ قالماي بورا توقۇشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. بورىلارنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ، پۇلىغا يىمەك-ئىچمەك ۋە لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋالاتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە بىر كىچىك ھارۋا ياساۋالدى، قېرىپ

قالغان دادىسىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ سەيلە قىلدۇراتتى.
ئاخشىمى كىتاپ ئوقۇيتتى ۋە خەت يېزىشنى ئۆگىنەتتى. ئۇنىڭ ئۆزگىرىپ ئوبدان بالا بولۇۋاتقانلىقىدىن دادىسى ئىنتايىن خوشال بولۇپ كەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ دادىسىغا:
— مەن بازارغا بېرىپ چاپان، بۆك، بىر ئاياق ئېلىپ كېيىۋالاي، قايتىپ كەلگەندە راست ئادەمگە ئوخشايمەن، — دېدى-دە، خوشال يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ، يولدا كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت بىرسىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇنداق قارىۋىدى، چىرايلىق بىر قۇلۇلىنى كۆردى.
— مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى قۇلۇلە.
— ئىش قىلىپ... ئىش قىلىپ......



— ھاۋارەڭ چاچلىق گۈزەل پەرىزاتنىڭ ئۆيىدىكى ھېلىقى قۇلۇلە ئېسىڭىزدىمۇ ياكى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟
— بولدى، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى پىنوككىيو، — ئىتتىك ئېيتقىنا، ھازىر گۈزەل پەرىزات نەدە؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇلۇلە بۇرۇنقىدەكلا ئالدىرىماي جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى:

— گۈزەل پەرىزات ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى.

— دوختۇرخانىدا؟

— ھەئە، دوختۇرخانىدا. نۇرغۇن پالاكەت ۋە باش ئاغرىتىدىغان ئىشلار ئاخىر ئۇنى يىقىتتى. كېسىلى ناھايىتى ئېغىر. ئۇنىڭ ئۈستىگە قول ئىلكىدە ھېچنىمە قالمىدى، كۈنىگە ئارانلا بىر چىشلەم نان يەيدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئاھ، يۈرەك باغرىم قان بولدىغۇ! ئاھ، مېنىڭ ئازاپ-كۈلپەت ئىچىدە قالغان پەرىزات ئانام! قايغۇ-ئەلەم ئىچىدە قىينىلىۋاتقان پەرىزات ئانام! ئون مىڭ كوي پۇلۇم بولغان بولسا ئىدى، ھەممىسىنى بېرىۋەتكەن بولاتتىم. بىراق ئارانلا تۆت موچەن پۇلۇم بار. تېخى بۇنىڭغا كىيىم-كېچەك ئالىمەن. دەۋاتىمەن. ھەي قۇلۇلە، ماۋۇ پۇلۇمنى ئالغىن دەرھال پەرىزاتقا ئاپىرىپ بەرگىن.

— كىيىمنى نېمىشقا ئالىسەن؟

— كىيىم كىيمىسەم نېمە بوپتۇ؟ مەن تېخى ماۋۇ جۇلدۇر كىيىملىرىمنىمۇ سېتىپ ئۇنى قۇتقۇلدۇراي دەۋاتىمەن، سەن ئىتتىك بارغىن قۇلۇلە. يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن جىقراق پۇل ئەكېلىپ بېرىمەن.

قۇلۇلە خۇشاللىقىدىن خۇددى كەينىدىن بىر ئۇچار قانات قوغلاۋاتقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

پىنوككىئو ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دادىسى:

— سېتىۋالغان يېڭى كىيىملىرىڭ قېنى؟ — دېدى.

— يولدا قۇلۇلىدىن پەرىزاتنىڭ ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغانلىقىنى، يەيدىغان نەرسىسىنىڭ قالمىغانلىقىنى ئاڭلاپ توت موچەننى ئۇنىڭغا بېرىۋەتتىم.

شۇ كۈنى ئاخشىمى پىنوككىئو ئۇخلاشنىمۇ قويۇپ، يېرىم كېچىگىچە ئىشلىدى. ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇخلىدى. چۈشىدە پەرىزاتنى كۆردى. پەرىزات ناھايىتى گۈزەل ۋە خۇشخۇي ئىدى. ئۇ كۈلۈپ پىنوككىئونى سۆيۈپ قويۇپ: «ئوبدان پىنوككىئو! سېنىڭ بۇ ياخشى كۆڭلۈڭ ئۈچۈن مەن سېنىڭ بۇرۇنقى ئۆتكۈزگەن بارلىق خاتالىقلىرىڭنى ئەپۇ قىلدىم. ئاتا - ئانىسى ئېغىر كۈندە قالغاندا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان بالىلار جەزمەن ماختاشقا سازاۋەر بولىدۇ، ئاقىۋەتتە ياخشى بولىدۇ» دەۋاتقىدەك. چۈشى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە پىنوككىئو ئويغىنىپ كەتتى.

سۆيۈملۈك كىچىك كىتابخانلىرىم، ئەمدى ئويلاپ بېقىڭلار، پىنوككىئو ئويغانغاندا ئۆزىنىڭ ياغاچ قوچاق ئەمەس، بەلكى باشقا بالىلارغا ئوخشاشلا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى سەزدى. بۇ نېمە دېگەن ئاجايىپ ئىش - ھە! ئۇ ئەتراپقا قارىۋىدى، بۇرۇنقى پاخال سالغان كارۋاتلىرى يوق، بەلكى ئاجايىپ جاھازلار بىلەن تولغان ياسىداق ئۆيدە تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە يېڭى كارۋىتىدىن سەكرەپ چۈشتى. بىر چەتتە يېڭى كىيىم - كېچەك، بۆك ۋە يېڭى ئاياقلار تۇراتتى.

ئۇ بۇ كىيىملەرنى كىيىۋالغاندىن كېيىن خۇددى يېڭى كىيىم كىيگەن باشقا بالىلارغا ئوخشاشلا ئىككى قولىنى يانچۇقىغا سالدى. قىزىق يېرى - يانچۇقىدىن بىردانە پۇل قاپچۇقى چىقتى. قاپچۇقنىڭ ئۈستىگە «ھاۋارەڭ چاچلىق پەرىزات

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۆيۈملۈك پىنوككىئوغا تۆت موچەننى قايتۇردى ۋە ئۇنىڭغا سەددىمى رەھمەت بىلدۈرىدۇ» دىگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى. پىنوككىئو قاپچۇقنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىچىدە تۆت موچەن ئەمەس، قىرىق تىللا تۇراتتى!

ئۇ ئەينەككە قاراپ بېقىپ ئۆزىنى تونۇماي قالدى. ئەينەكتە ياغاچ قوچاق ئەمەس، ئېتىك، زىرەك، قاپ-قارا چاچلىق، يوغان كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان بالىنى كۆردى. كەينى-كەينىدىن بولۇۋاتقان بۇ ئاجايىپ ئىشلار پىنوككىئونى ھەيران قالدۇرۇۋەتتى، ئۇ ئويغۇمۇ، چۈشۈمۇ؟ دەيتتى.

— دادا، سەن نەدە؟— دىدى پىنوككىئو ۋە يەنە بىر ئۆيگە كىردى. ئۇ يەردە ياشىرىپ كەتكەن، ساغلام گېپپىتو بىۋاي ئولتۇراتتى.

— نىمە ئىش بولۇۋاتىدۇ، سۆيۈملۈك دادا؟ — سورىدى پىنوككىئو.

— بۇ ئازادە ئۆيلەر پۈتۈنلەي سېنىڭ ئەمگىكىڭنىڭ مەھسۇلى، — دىدى گېپپىتو.

— مەن بۇندىن كېيىنمۇ بىكار تۇرماي ئىشلەيمەن، — دىدى پىنوككىئو،— بىراق سەن قانداقلارچە ساغلاملىشىپ ياشىرىپ كەتتىڭ؟

— چۈنكى ئەسكى بالا ئۆزگىرىپ ئوبدان بالا بولسا، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىدۇ. شۇنداقلا پۈتۈن ئائىلە بەختلىك بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئىلگىرىكى ياغاچ قوچاق — پىنوككىئو نەگە مۆكۈۋالدى؟

— ئەنە، ئاۋۇ يەردە، — دىدى گېپپىتو ۋە ئورۇندۇقتىكى

بىر ياغاچ قوچاقنى كۆرسەتتى. بۇ ياغاچ قوچاقنىڭ بېشى بىر-
تەرەپكە قىيشايغان، بىر قولى ئىگىز، بىر قولى پەس، پۇتلى-
رىمۇ ئالاماشقان بولۇپ، ھەرقانداق كىشى كۆرسە، بۇرۇن قان-
داقمۇ ئۆزە تۇرغان بولغىدى دەپ ھەيران بولاتتى.
پىنوككىئو قايرىلىپ قوچاقنىڭ ئىلگىرىكى قىياپىتىگە
بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ:
— مەن ياغاچ قوچاق ۋاقتىمدا نىمە دىگەن كەپسىز
ئىدىم - ھە! ھازىر تىرىك، ئوبدان بالا بولۇپ ئۆزگەردىم.
مەن نىمە دىگەن بەختلىك! — دىدى.